
ئۆسمۈرلەر ئەڭ قىزىقىدىغان

# يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن

ئۇچار قاناتلار ۋە سۇ جانلىقلىرى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئەڭ قىزىقىدىغان يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن

ئۆسمۈرلەر ئەڭ قىزىقىدىغان




ISBN 978-7-80744-932-4
总定价：45.00 元（全三册）

ئۆسمۈرلەر ئەڭ قىزىقىدىغان

# يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن

## ئۇچار قاناتلار ۋە سۇ جانلىقلىرى

تۈزگۈچى: يېچۇاڭ مائارىپ پەن تەتقىقات ئورنى
تەرجىمە قىلغۇچى: زەيتۇنگۈل ئابدۇۋايىت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## ئۇچار قاناتلار قىسمى


نېمە ئۈچۈن توخۇ تاش دانچىلىرىنى يېيىشكە ئامراق؟ .................... 2

نېمە ئۈچۈن خوراز تاڭدىن خەۋەر بېرىدۇ؟ .......... 4

نېمە ئۈچۈن قۇشلارنىڭ پېيى بولىدۇ؟ ............ 6

نېمە ئۈچۈن كەپتەر ئېزىپ قالمايدۇ؟ .............. 8

نېمە ئۈچۈن كەپتەرنى «تىنچلىق كەپتىرى» دەيمىز؟ .................... 10

دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك قۇش قايسى؟ ............ 12

نېمە ئۈچۈن پىنگۋىن قەھرىتان سوغۇقتىن قورقمايدۇ؟ .................... 14

نېمە ئۈچۈن فرېگات قۇشىنى قاراقچى قۇش دەيمىز؟ .................... 16

قۇش پېيىنىڭ نېمە رولى بار؟ .................. 18

نېمە ئۈچۈن تۆگىقۇشنى «يەلتاپان» دەيمىز؟ ...... 20

نېمە ئۈچۈن تۆمۈرتۇمشۇق دەرەخ غولىدا تىك تۇرالايدۇ؟ .................... 22

نېمە ئۈچۈن مۇشۈكياپىلاق چاشقان تۇتىدۇ؟ ...... 24

ئانا قۇشلارنىڭ ھەممىسى تۇخۇم باسامدۇ؟ ...... 26

نېمە ئۈچۈن قۇشلار ئۇچالايدۇ؟ .................. 28

قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۇچالامدۇ؟ .............. 30

قانىتى يوق قۇش بارمۇ؟ ...................... 32







书　　名　儿童最想知道的十万个为什么

鸟类篇、水族篇

主　　编　益创教育科学研究所

翻　　译　再吞古丽·阿布都瓦依提

责任编辑　希尔艾力·玉山

校　　对　阿不都热依木·阿不力米提

封面设计　力提甫·阿不都外力

出　　版　新疆美术摄影出版社

新疆电子音像出版社

地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号

邮　　编　830000

发　　行　新疆新华书店

印　　刷　乌鲁木齐市海洋彩印有限公司

开　　本　880mm×1230mm　1/32

印　　张　5

版　　次　2009年5月第1版

印　　次　2011年11月第2次印刷

书　　号　ISBN 978-7-80744-932-4

总 定 价　45.00元（全三册）

نېمە ئۈچۈن قىزىل قۇيرۇقلۇق غورۇلاي ئۇلجىسىنى دەرەخ شېخىغا ئېسىپ قويىدۇ؟ .................. 34
نېمە ئۈچۈن قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى خىلمۇخىل بولىدۇ؟ .................................. 36
يەر شارىدا سۇمۇرغ بولۇپ باققانمۇ؟ ............. 38
نېمە ئۈچۈن تورنا قاتارلىق قۇشلار دائىم بىر پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ؟ .......................... 40
نېمە ئۈچۈن ئادەملەر تاز قارانى ياقتۇرمايدۇ؟ ... 42
نېمە ئۈچۈن سوپىسوپىياڭنى پايدىلىق قۇش دەيمىز؟ .................................. 44
قايسى خىل قۇش سۇ بويىدا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ؟ .................................. 46
قاغىنىڭ ئاۋازى ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەمدۇ؟ ... 48
مۇشۇكياپىلاق قايسى ۋاقىتتا يېمەكلىك ئىزدەيدۇ؟ ... 50
قۇشلار ئىچىدىكى ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى قايسى؟ ...... 52
گۆشخور قۇشلار قانداق ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ؟ ...... 54
توقۇمىچى قۇش ئۇۋىسىنى قانداق توقۇيدۇ؟ ...... 56
نېمە ئۈچۈن ساقىيقۇشنىڭ ئېغىزى يوغان؟ ...... 58
نېمە ئۈچۈن قۇشلار كۆچىدۇ؟ ................. 60
نېمە ئۈچۈن ئىسقىرتقىنى ئۇرۇق تارقىتىشتا تۆھپىسى بار دەيمىز؟ .................................. 62
ئالباتروسنىڭ تۇمشۇقى راستتىنلا ئېغىرمۇ؟ ... 64
نېمە ئۈچۈن قارلىغاچنى باھار ئەلچىسى دەيمىز؟ ... 66



نېمە ئۈچۈن توخۇ غەزەپلەنگەندە بويىنىدىكى تۈكلىرى تىك تۇرۇپ كېتىدۇ؟ .................. 68
قۇشلار ئۇچقاندا پۇتىنى قەيەرگە قويۇۋالىدۇ؟ ... 70

## سۇ جانلىقلىرى قىسمى


نېمە ئۈچۈن ئىسسىق بەلۋاغ دېڭىز بېلىقى چىرايلىق بولىدۇ؟ .................................. 72
نېمە ئۈچۈن سىخلا بېلىقى تۇخۇمىنى ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا سېلىۋالىدۇ؟ .................................. 74
نېمە ئۈچۈن دېلفىن تېز ئۈزىدۇ؟ ............... 76
سەقەنقۇرنىڭ چىشىسى تۇغامدۇ ياكى ئەركىكىمۇ؟ ... 78
نېمە ئۈچۈن بازارلاردا تىرىك تاسما بېلىق بىلەن سېرىق بېلىق يوق؟ .......................... 80
نېمە ئۈچۈن بېلىق سۇدا لەيلەپ ـ چۆكەلەيدۇ؟ ... 82
نېمە ئۈچۈن دېڭىز ئاپتاپپەرەسنى «يوشۇرۇن قورallıق قاتىل» دەيمىز؟ .......................... 84
نېمە ئۈچۈن ئىپار كىتىنى سۇغا چۆكۈش چېمپىيونى دەيمىز؟ .................................. 86
دىئودون بېلىقى دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قانداق ساقلىنىدۇ؟ .................................. 88
نېمە ئۈچۈن كېتا بېلىقى جاپالىق ئۇزۇن مۇساپىنى باسىدۇ؟ .................................. 90

دېڭىز تاشپاقىسى دېڭىزدىن قانداق ئۆتىدۇ؟ ...... 92
نېمە ئۈچۈن دېڭىز يۇلتۇزىنى گۈزەل قاتىل دەيمىز؟ ........................... 94
توكسوتېس بېلىقى ئولجىنى قانداق تۇتىدۇ؟ ...... 96
ئاكۇلا ئۇخلامدۇ؟ .......................... 98
نېمە ئۈچۈن لايىپگەك سىلىق بولىدۇ؟ ......... 100
دەرەخكە چىقالايدىغان بېلىق بارمۇ؟ ............ 102
ئۇچ بۇرجەك بېلىق قانداق بېلىق؟ ............ 104
ئەڭ كۆپ تۇخۇم تۇغىدىغان بېلىق قايسى؟ ...... 106
جۇپ راكنىڭ ئەركىكى بىلەن چىشىسى جۇپ تۈزگەنمۇ؟ ................................ 108
نېمە ئۈچۈن تۇنا بېلىقنىڭ ئۈزۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز؟ ................................ 110
قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا قانداق ماكانلىشىدۇ؟ ... 112
نېمە ئۈچۈن ئۇچار بېلىق ئۇچالايدۇ؟ ......... 114
يەلكەن بېلىقنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟ ... 116
نېمە ئۈچۈن سەككىز ئاياغنىڭ بەدىنى بولمايدۇ؟ ................................ 118
نېمە ئۈچۈن سىياھبېلىق «قارا سىياھ» پۈركۈيدۇ؟ ................................ 120
مېدۇزا بېلىقمۇ؟ ............................ 122
داسيا تۇس ستگراي بېلىقى قانداق ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ؟ ................................ 124





نېمە ئۈچۈن چوڭ قىسقۇچلۇق قىسقۇچپاقىنى قورۇغاندىن كېيىن رەڭگى قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ؟ --- 126
ئاجىز قىسقۇچپاقىلار نېمىگە تايىنىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ؟ ................................ 128
نېمە ئۈچۈن كۆپ ساندىكى بېلىقلارنىڭ دۈمبىسى قارا، قورسىقى ئاق بولىدۇ؟ ................ 130
نېمە ئۈچۈن دېلفىن ئادەم قۇتقۇزىدۇ؟ ......... 132
توكلۇق سىكاتى بېلىقى دۈشمەنلىرىگە قانداق زەربە بېرىدۇ ھەم ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ؟ ............ 134
كىم دېڭىز ئاستىدىكى «ئاقچەشكە بوۋاي»؟ --- 136
بېلىقنىڭ پۇراش سېزىمى بولامدۇ؟ .......... 138
كارپ بېلىقى «بۇرۇتى»نىڭ قانداق رولى بار؟ ...... 140
نېمە ئۈچۈن بېلىقلارنىڭ رەڭگى خىلمۇخىل بولىدۇ؟ ................................ 142
نېمە ئۈچۈن قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقىنى «ئۆيگە ھەقسىز ئىگە بولغۇچى» دەيمىز؟ ............ 144
نېمە ئۈچۈن قىسقۇچپاقا توغرىسىغا ماڭىدۇ؟ ...... 146
ئۆلگەن بېلىقنىڭ قورسىقى نېمە ئۈچۈن ئاسمانغا قاراپ قالىدۇ؟ ................................ 148
نېمە ئۈچۈن بېلىقتا قاسىراق بولىدۇ؟ ......... 150



## نېمە ئۈچۈن توخۇ تاش دانچىلىرىنى يېيىشكە ئامراق؟

توخۇنىڭ چىشى بولمايدۇ، ئۇ يېمەكلىكنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئاشقازىنىدا ھەزىم قىلغاندىن كېيىن، كۆپ قىسمىنى پوكىنىغا كىرگۈزىدۇ. توخۇنىڭ پوكىنىدا بىر قەۋەت مۈڭگۈز ماددىلىق قەۋەت بولىدۇ، ئۇ تاش ۋە شېغىلغا ئوخشاش قاتتىق پوستلۇق يېمەكلىكلەرنى ئېزىدۇ. توخۇنىڭ تاش دانچىلىرىنى يېيىشى يېمەكلىكنى ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈندۇر.







▲ سوئال

توخۇ سۇ ئىچكەندە نېمە ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرىدۇ؟

توخۇنىڭ ئېغىز بوشلۇقى مۇسكۇلى تەرەققىي قىلمىغاچقا، ئالدى بىلەن سۇنى ئېغىزىغا ئېلىۋېلىپ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۇنى قىزىلئۆڭگەچكە ئاققۇزىدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

توخۇدا تاشنى ئېرىتىدىغان ئۆت بولىدۇ، ئۇ مىنېرال ماددىلاردىكى مىكرو ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلىپ تېنىنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن خوراز تاڭدىن خەۋەر بېرىدۇ؟

تۇن قاراڭغۇسى چۈشۈشكە باشلىغاندا، خوراز ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇ ھۇجۇمغا ئۇچراپ قېلىشتىن ناھايىتى ئەندىشە قىلىدۇ؛ كۈن يورۇغاندىن كېيىن، ئۇلاردىكى خەۋپ تۇيغۇسى يوقاپ، خۇشاللىقىدىن ناخشا ئېيتىدۇ. ئادەملەر خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تاڭ يورۇپتۇ، دەپ بىلىشىدۇ.









▲ سوئال

توخۇنىڭ قۇلىقى قەيېرىدە بولىدۇ؟

توخۇنىڭ قۇلىقى بولىدۇ، قۇلىقى كۆزىنىڭ كەينىدىكى بىر تۇتام سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۈكنىڭ كەينىگە جايلاشقان. گەرچە قۇلىقىنىڭ پەقەت تۆشۈكى بولۇپ، قۇلاق سۇپرىسى بولمىسىمۇ، سۇ ۋە كىچىك قۇرتلارنىڭ كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنالايدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

توخۇ «تامازشام قارىغۇ كېسىلى بىمارى»، ئۇلار قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ.

## نېمە ئۈچۈن قۇشلارنىڭ پېيى بولىدۇ؟

قۇشلارنىڭ پېيىنىڭ رەڭگى ۋە سىزىقلىرى ئوخشىمايدۇ، پەي ئۇلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ساقلىشىغا ياردەم بېرىدۇ هەم ئۇلارنىڭ قانىتى بىلەن بەدەن شەكلىنىڭ سىزىقلىرىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. پەي بولمىغان بولسا قۇشلار بۇنداق چىرايلىق بولماس ئىدى.







▲ سوئال



قۇشلار ئىپتىدائىي قۇشلاردىن ئۆزگىرىپ كەلگەنمۇ؟

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇ قاراشنى قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن، گەرچە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ قۇش توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرىدا مۇھىم ئىلگىرىلەش بولسىمۇ، ئەمما قۇشلارنىڭ كېلىش مەنبەسى تېخى تولۇق ئېچىلمىغان سىر بولۇپ، ئالىملارنىڭ يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشىنى كۈتمەكتە.



▲ بىلەمسىز؟

پەي ئاساسلىقى مۈڭگۈز ماددىسىدىن تۈزۈلىدۇ، پەيلەر بىر قاتار بولۇپ تىزىلىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن كەپتەر ئېزىپ قالمايدۇ؟

كەپتەر ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى قۇياشنىڭ ئورنىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ يۆنىلىشىنى توغرىلايدۇ ھەم تاللايدۇ. ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى بولسا يەر شارىنىڭ ماگنىت مەيدانىغا ئاساسەن «يول يورىدۇ»، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەپتەرنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بولۇپ، قانچە يىراق ئۇچسىمۇ يولدىن ئېزىپ قالمايدۇ.







▲ سوئال



نېمە ئۈچۈن پوچتا كەپتەرى ئۆيىنى تېپىپ كېلەلەيدۇ؟

پوچتا كەپتىرىنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى بىلەن كۆرۈش قۇۋۋىتى ناھايىتى ياخشى، ئۇنىڭدا كۈچلۈك بولغان ئۇۋىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان «مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھالەت» بار. كەپتەر ئۆيدىن ئايرىلىپ، ناھايىتى يىراق جايغا ئۇچۇشتىن ئاۋۋال، بوشلۇقتا بىرنەچچە قېتىم چۆرگىلەپ ئۇچۇپ، قۇياشنىڭ ئورنى ئارقىلىق ئۆيىنىڭ ئورنىغا ھۆكۈم قىلىۋالىدۇ.

▲ بىلەمسىز؟



كەپتەرنىڭ قانىتى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، ئۇچۇشقا ماھىر كېلىدۇ، دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقىنى يەيدۇ. مەخسۇس ئۆگىتىلگەن پوچتا كەپتەرلىرى خەت ـ چەكلەرنى توشۇيدۇ.

## نېمە ئۈچۈن كەپتەرنى «تىنچلىق كەپتىرى» دەيمىز؟

كىشىلەر دائىم «تىنچلىق كەپتىرى» دېيىشىپ، كەپتەرنى تىنچلىققا سىمۋول قىلىدۇ. بۇ «ئىنجىل» دىكى ھېكايىدىن كېلىپ چىققان. ھېكايىدە كەپتەر بىلەن زەيتۇن يوپۇرمىقى بەخت ۋە خاتىرجەملىككە سىمۋول قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكىلەر بۇ ئىككى خىل نەرسىنى تىنچلىققا سىمۋول قىلغان.









▲ سوئال

كەپتەر قانچىلىك تېز ئۇچىدۇ؟

كەپتەر قۇشلار ئىچىدە بىر قەدەر تېز ئۇچىدىغىنى بولۇپ، سائەتلىك سۈرئىتى 80 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

زەيتۇن دەرىخى يىل بويى يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ بولۇپ، مېۋىسى ئۇزۇن ئېلىپسسىمان، بۇنى ھەم يېگىلى، ھەم دورا قىلغىلى بولىدۇ.

## دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك قۇش قايسى؟

دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك قۇش ھەرە قۇش بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ باشمالتىقىچىلىك كېلىدۇ، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشايدۇ. ھەرە قۇشنىڭ رەڭگى چىرايلىق، ئادەتتىن تاشقىرى ئۇچۇش تېخنىكىسى ۋە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەتكە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقى گۈل شىرنىسىنى ئوزۇق قىلىدۇ.









▲ سوئال

ھەرە قۇش راستىنلا غوڭۇلدامدۇ؟

ھەرە قۇشنىڭ قانىتىنى ئۇرغاندىكى سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، خۇددى ئايروپىلاننىڭ گۈركىرەيدىغان ئىنتىرگۇچىسىغە ئوخشايدۇ، پەقەت بىر ئىزنانى كۆرگىلى بولىدۇ. غوڭۇلدىغان ئاۋاز تېز سۈرئەتتە ئۇرۇلغان قاناتتىن چىققان.



▲ بىلەمسىز؟

ھەرە قۇش ئاساسلىقى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشايدۇ، ئۇنىڭ پەيلىرى ناھايىتى ئىنچىكە بولۇپ، قۇياش نۇرىدا ئوخشاش بولمىغان رەڭلەرگە ئۆزگىرىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن پىنگۋىن قەھرىتان سوغۇقتىن قورقمايدۇ؟

پىنگۋىننىڭ بەدىنىدە ھەم قويۇق، ھەم ئىنچىكە پەيلەر بولۇپ، ئۇنىڭ-
دىن ھەتتا سۇمۇ ئۆتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيلىرىنىڭ ئاستىدا يەنە بىر
قەۋەت ماھۇق پەي بولغاچقا، ئۇلار يا سۇدىن ياكى سوغۇقتىن قورقمايدۇ. ئۇ-
نىڭدىن باشقا، پىنگۋىننىڭ بەدىنىدىكى قېلىن ماي قەۋىتى ئىسسىقلىق
ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن پىنگۋىن
تۇزلۇق دېڭىز سۈيىنى ئىچە-
لەيدۇ؟

پىنگۋىننىڭ بۇرنىدا
كۆپلىگەن بەزلەر بولغاچقا،
ھەر ۋاقىت پوتلىسىنى چىقى-
رالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ
بەدىنىدىكى ئارتۇق تۇزلار پوتلىسى ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىۋېتى-
لىدۇ. شۇڭا، پىنگۋىن تۇزلۇق دېڭىز سۈيى ئىچىشتىن قورقمايدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

پىنگۋىن بىر خىل سۇ
قۇشى بولۇپ، ئۈزۈنلۇقى تەخ-
مىنەن بىر مېتىر كېلىدۇ، قا-
نىتى ناھايىتى كىچىك بولغاچ-
قا ئۇچالمايدۇ، بىراق سۇ ئۈ-
زۈشكە ناھايىتى ماھىر.

## نېمە ئۈچۈن فرىگات قۇشىنى قاراقچى قۇش دەيمىز؟

فرىگات قۇشى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇچۇش سۈرئىتىنىڭ تېز، ئۇزۇن تۇمشۇقىنىڭ ئۆتكۈر بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئەمدىلا دېڭىزدىن بېلىق، راكلارنى تۇتۇۋالغان دېڭىز قۇشلىرىغا ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلىپ، باشقىلارنىڭ يېمەكلىكىنى تارتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ قاراقچى تەبىئىيىتى بولغاچقا، يەنە «قاراقچى قۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن فرىگات قۇشى باشقىلارنىڭ يېمەكلىكىنى بۇلايدۇ؟

فرىگات قۇشى ئۇچۇشقا ماھىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا دېڭىز يۈزىدە بىۋاستە ئۇچىدىغان ئىقتىدار يوق. شۇڭلاشقا بىۋاستە دېڭىزدىن يېڭى ئولجىلارنى تۇتۇپ يېيەلمەيدۇ. پەقەت دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ قالغان ئۆلۈك بېلىقلارنى يەيدۇ. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن قورسىقىنى تويغۇزالمايدۇ ـ دە.



▲ بىلەمسىز؟

فرىگات قۇشىنىڭ يوغان گەۋدىسى، بىرقەدەر ئۇزۇن قاناتلىرى، ئۇزۇن ۋە ئىلمەك تۇمشۇقى بولۇپ، تۇمشۇقىنىڭ ئاستىدا يەنە بىر قىزىل رەڭلىك كېكىردەك خالتىسى بار.

## قۇش پېيىنىڭ نېمە رولى بار؟

قۇشلارنىڭ پېيى ئۇلارنىڭ بەدىنىنى سۈيۈر شەكىلدە كۆرسىتىپ، بوشلۇقتا ھەرىكەت قىلغان ۋاقىتتا ئۇچرايدىغان قارشىلىق كۈچىنى كىچىكلىتىدۇ، بۇ ئۇچۇشقا پايدىلىق. ئۇنىڭ ئىسسىقلىق ساقلاش ھەم ئۇچۇشقا ياردەم بېرىش رولى بار. بۇنىڭدىن باشقا، قۇش قانىتىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇچۇش پەيلىرىنىڭ ئازراق ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى بار.







▲ سوئال

دۇنيادا قايسى قۇش ئەڭ چوڭ؟

ھازىرقى زامان قۇشلىرى ئىچىدە تۆگىقۇش ئەڭ چوڭ، ئۇ ئافرىقىدىكى قۇملۇق ۋە چۆللۈكلەردە ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدۇ. بوينى ئۇزۇن، بېشى كىچىك، تۇمشۇقى ياپياڭ، قانىتى قىسقا بولۇپ، ئۇچالمايدۇ. پۇتى ئۇزۇن ھەم كۈچلۈك بولغاچقا مېڭىشقا ماھىر.



▲ بىلەمسىز؟

قۇشلارنىڭ پېيىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئوخشىمايدۇ، ھەرە قۇشنىڭ پېيى 1000 تالغىمۇ يەتمەيدۇ. بىراق، غازنىڭ 25 مىڭ تال پېيى بار.



## نېمە ئۈچۈن تۆگىقۇشنى «يەلتاپان» دەيمىز؟

تۆگىقۇش ئۇچالمايدۇ، ئۇنىڭ قاناتلىرى پەقەت يۈگۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. بىراق، تۆگىقۇش بىر قەدەمدىلا سەككىز مېتىر يىراقلىققا چامدايدۇ، سائەتتىگە 72 كىلومېتىر يۈگۈرىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ تېز يۈگۈرىدىغان قۇش بولغاچقا، ئۇنى يەنە «يەلتاپان» دەيمىز.









▲ سوئال

تۆگىقۇشنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

قۇملۇق رايونلاردا، تۆگىقۇشنى كۆندۈرۈش ئارقىلىق مىنىشكە، پەيلىرىنى بېزەك بۇيۇملىرى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ھازىر كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنى بېقىپ سويۇپ يەۋاتىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

تۆگىقۇش ئافرىقىدا ياشايدۇ. ئۇنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قوزغىلىپ يۈگۈرگەندىكى سۈرئىتى سائەتتىگە 70 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن تۆمۈرتۇمشۇق دەرەخ غولىدا تىك تۇرالايدۇ؟

تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ قۇيرۇقىدىكى پەيلەر ھەم توم، ھەم قاتتىق. ئۇ قۇرت تۇتقان ۋاقىتتا، ئۆتكۈر تىرنىقى بىلەن دەرەخ غولىنى تۇتۇپ، توم ھەم قاتتىق بولغان پېيىنى دەرەخ غولىغا تىرەپ، تېنىنى تىك تۇتىدۇ.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن تۆمۈرتۇمشۇقنى ئورمان مۇھاپىزەتچىسى دەيمىز؟

كىشىلەر قىش پەسلىدە مەملىكىتىمىز ئورمانلىرىدىكى 70% ~ 80% زىيانداش قۇرتلارنىڭ تۆمۈرتۇمشۇق تەرىپىدىن يوقىتىلىدىغانلىقىنى ستاتىستىكا قىلغان. شۇڭا، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئورمان مۇھاپىزەتچىسى ھەم ئىنسانلارنىڭ سادىق دوستى بولالايدۇ.

▲ بىلەمسىز؟

تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ جۈغى كىچىك بولۇپ، تەخمىنەن 15 ~ 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ، پەنجىسىدە ئۆتكۈر تىرنىقى بولىدۇ، دەرەخكە يامىشىپ چىقىشقا ماھىر كېلىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن مۈشۈكياپىلاق چاشقان تۇتىدۇ؟

مۈشۈكياپىلاق كېچىسى نەرسىلەرنى ناھايىتى ئېنىق كۆرىدۇ. ئۇنىڭ كەۋدىسى بەردەم، ئۆتكۈر تىرنىقى ۋە قاتتىق تۇمشۇقى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە پېيى ناھايىتى يۇمشاق بولۇپ، ئۇچقاندا ھېچقانداق تىۋىش چىقارمايدۇ، شۇڭلاشقا ھەر ۋاقىت چاشقاننى تۇتالايدۇ.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن مۈشۈكياپىلاق دائىم كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ؟

مۈشۈكياپىلاق كۈندۈزى ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ، ئەمما كېچىدە غۇۋا نۇر بولسىلا، نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ دائىم كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

مۈشۈكياپىلاقنىڭ قۇلىقى ئالاھىدە بولىدۇ، قۇلاق سۈپرىسى تەرەققىي قىلغان، قۇلاق تۆشۈكى چوڭ بولغاچقا، ناھايىتى ئاجىز ئاۋازلارنىمۇ ئاڭلىيالايدۇ.

## ئانا قۇشلارنىڭ ھەممىسى تۇخۇم باسامدۇ؟

كۆپ قىسىم قۇشلار ئۆزىنىڭ تۇخۇملىرىنى ئۆزى باسىدۇ. بىراق، بىر قىسىم قۇشلار باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا تۇخۇم تۇغۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ۋاكالىتەن تۇخۇم باسقۇزىدۇ. مەسىلەن، كاككۇك. يەنە بىر قىسىم قۇشلارنىڭ ئەركىكى بىلەن چىشىسى ئالمىشىپ تۇخۇم باسىدۇ.








▲ سوئال

تۇخۇم باسمايدىغان قۇشتىن يەنە بارمۇ؟

كاككۇكتىن باشقا، ئۆردەكمۇ ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى باسمايدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئۆزلىرىنىڭ تۇخۇمىنى ئۆزلىرى باسقان.



▲ بىلەمسىز؟

قۇشلار سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغا ئوخشاش بالا تۇغمايدۇ. بىراق، ئۇلار قاتتىق پوستلۇق تۇخۇم تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە يېتىپ چۈجىلىرىنى چىقىرىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن قۇشلار ئۇچالايدۇ؟

قۇشلارنىڭ ئاسماندا ئۇچالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇلاردا يېنىك ھەم يۇمشاق پەي ۋە قانات بولۇپ، قانات ئۇلارنى ئۇچقاندا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئۆرلەش كۈچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۇستىخىنى ھەم يېنىك، ھەم پۇختا بولۇپ، ئۇچۇش ئېغىرلىقىنى يېنىكلەتكەن.







▲ سوئال

قۇشلار ئىچىدىكى ئۆمۈر چولپىنى كىم؟

قىزىل قانات قۇش قۇشلار ئىچىدىكى ئۆمۈر چولپىنى بولۇپ، 80 ياشقىچە ياشايدۇ، ئاساسلىقى ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدا ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلار شۇ جايدىكى ئاساسلىق قۇشتۇر.





▲ بىلەمسىز؟

قۇشلارنىڭ كۆپ قىسىم ئۇستىخىنى كاۋاك بولىدۇ، بۇ ئېغىرلىقنى يېنىكلىتىپ، ئۇچۇشقا پايدىلىق.

## قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۇچالامدۇ؟

قۇشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇچالىشى ناتايىن. تۆگىقۇشنىڭ قانىتى پەقەت يۈگۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. بىراق، ئۇ يۈگۈرسە ئادەتتىكى مۇسابىقە ئېلىسىپىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. يېڭى زېلاندىيىدىكى كىۋى قۇشىمۇ ئۇچالمايدۇ. گەرچە توخۇ، ئۆردەك، غازلار ئۇچالىسىمۇ، لېكىن ئېگىز، يىراققا ئۇچالمايدۇ.









▲ سوئال

قۇشلارنىڭ قانداق غەيرىي ئۇۋىسى بار؟

قۇشلار ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى، ھەۋىسى، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان شارائىتقا قاراپ يېپتىن توقۇلغان ئۇۋا، ئاسما ئۇۋا، سۇپا ئۇۋا، قۇم ئۇۋا، توقۇما ئۇۋا، يوپۇرماق ئۇۋا، لەيلىمە ئۇۋا، دەرەخ كامېرى ئۇۋىسى، غار ئۇۋا قاتارلىقلارنى سالىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

قۇشلارنىڭ قانىتى يېنىك، شەكلى كەڭ ھەم تۈز بولۇپ، ھاۋانى پەسكە ئىتتىرىپ، ئۆرلەش كۈچىنى پەيدا قىلىدۇ.

## قانىتى يوق قۇش بارمۇ؟

يېڭى زېلاندىيىنىڭ دۆلەت قۇشى ــ كىۋى قۇشىنىڭ قانىتى يوق. ئۇنىڭ تەن شەكلى خۇددى نەشپۈتكە ئوخشاش بولۇپ، قانىتى بىلەن قۇيرۇقى تولۇق چېكىنگەن. پۈتۈن بەدىنىنى پاخپىيىپ تۇرىدىغان زىچ پەيلەر قاپلاپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە «قاناتسىز قۇش» دېيىلىدۇ.







▲ سوئال

چىراغ نۇرى مېكىيانىنى تۇخۇم تۇغدۇرالامدۇ؟

شۇنداق، ھەر كۈنى تاڭ يورۇش-تىن ئاۋۋال، توخۇ كاتىكىنى كۈچلۈك چىراغ بىلەن يورۇتقاندا، مېكىيانلار ئويغىنىپ، كۈندۈزلۈك خىزمەتكە چۈشۈپ كېتىدۇ.






▲ بىلەمسىز؟

كىۋى قۇشى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى قەدىمىي قۇش بولۇپ، 9 مىليون يىللار ئىلگىرىلا پەيدا بولغان.

## نېمە ئۈچۈن قىزىل قۇيرۇقلۇق غورۇلاي ئۆلجىسىنى دەرەخ شېخىغا ئېسىپ قويىدۇ؟

قىزىل قۇيرۇقلۇق غورۇلاينىڭ تەبىئىتى ۋەھشىي، تۇمشۇقى ئىلمەك بولۇپ، كىچىك قۇش، پاقا، كەسلەنچۈك، قۇرت قاتارلىقلارنى يېيىشكە ئامراق. ئۇ ئوزۇقلۇق تۇتقاندا، ئۆلجىلىرىنى زىخقا ئۆتكۈزگەندەك دەرەخ شېخىغا ئېسىپ قويۇپ، يېمەكلىك كەمچىل ۋاقىتدا ئاندىن يەيدۇ.









▲ سوئال

پوكان دېگەن نېمە؟

پوكان قۇشلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئاستىدىكى خالتىغا ئوخشايدىغان ئورۇن.




▲ بىلەمسىز؟

قىزىل قۇيرۇقلۇق غورۇلاي ئورمانلىقنىڭ چەتلىرى ياكى دەرەخزارلىقتا يەككە پائالىيەت قىلىشقا ئامراق. ئۇ دائىم دەرەخ شېخىغا چىقىۋېلىپ سايرايدۇ.

## نېمە ئۈچۈن قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى خىلمۇخىل بولىدۇ؟

قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ۋە پائالىيەت قىلىشتىكى قورالى. قۇشلارنىڭ تۇمشۇقىنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئادىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوزۇقلۇقنى ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن تۇرنىنىڭ تۇمشۇقى ناھايىتى ئۇزۇن؟

تۇرنا ئادەتتىكى ۋاقىتتا كۆلچەك كۆپ بولغان سازلىقلاردا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. كۆلچەكتىكى ئوت ۋە بېلىجانلار تۇرنىنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكىدۇر. تۇرنىنىڭ بويى بىرقەدەر ئېگىز بولۇپ، ئۇزۇن تۇمشۇقى بىلەن كۆلچەكتىكى نەرسىلەرنى خۇددى بىز چوكا ئىشلەتكەندەك ناھايىتى بىمالال ئالالايدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

قۇشنىڭ ئاغزى تۇمشۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ مۈڭگۈز ماددىسى دەپمۇ ئاتىلىدىغان قاتتىق ماددىدىن تۈزۈلىدۇ.

## يەرشارىدا سۇمۇرغ بولۇپ باققانمۇ؟

كىتابتىكى ۋە رەسىمدىكى ئاشۇ خىل سۇمۇرغنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە سىزىلغان بارلىق سۇمۇرغلار قىرغاۋۇلنىڭ گۈزەللەشتۈرۈلگەن ۋە ئەپسانىلەشتۈرۈلگەن ئوبرازىدىن كېلىپ چىققان. قىرغاۋۇل ئادەتتە ياۋا توخۇ دېيىلىدۇ. ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، شەكلى توخۇغا ئوخشايدۇ، بىراق ئۇزاق ئۇچالمايدۇ.







▲ سوئال

قۇش قانداق هايۋان؟

قۇش ئومۇرتقىلىق هايۋان، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۇراقلىق، تۇخۇم تۇغىدۇ، چىشى يوق، ئارقا پۇتى بىلەن ماڭىدۇ.





▲ بىلەمسىز؟

ئەركەك قىرغاۋۇلنىڭ قۇيرۇقى ناهايىتى ئۇزۇن، پەيلىرى چىرايلىق، كۆپىنچىسى قىزىل مىس رەڭدە بولىدۇ. قىرغاۋۇللارنىڭ قۇيرۇقى قىسقا، كۈل رەڭ قوڭۇر بولىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن تۇرنىغا ئوخشاش قۇشلار دائىم بىر پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ؟

ئۇلارنىڭ بىر پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرۇشىدىكى سەۋەب، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىدۇر. ئۇلار ئارام ئالغاندا، باشتىن ـ ئاخىر بىر پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرماستىن، بىردەم ئوڭ پۇتىنى، بىردەم سول پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن تۇرنىنىڭ سانى ئاز؟

ھەربىر تۇرنا پەقەت ئىككى تال تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇرنا باللىرى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن ئۆزئارا يول قويۇشماي، بىرى يەنە بىرىنى چوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ھەتتا بەزىدە بىرىمۇ تىرىك قالمايدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسانلارنىڭ ئۇلارنى كۆپلەپ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشىدىن سانى كۈنسېرى ئازايماقتا.


▲ بىلەمسىز؟

تۇرنىنىڭ بېشى كىچىك، بويىنى ئۇزۇن، توپلىشىپ ياشايدۇ ياكى قوش ماكانلىشىدۇ، دەريا بويلىرى ياكى دېڭىز بويلىرىغا بېرىپ بېلىق ۋە قۇرت تۇتۇپ يەيدۇ.



## نېمە ئۈچۈن ئادەملەر تازقارانى ياقتۇرمايدۇ؟

تازقارا بۈركۈت تۈردىكىلەرنىڭ بىر خىلى بولۇپ، بېشىدا شالاڭ يۇمشاق تۈكى بولىدۇ، قارامتۇل كۆك رەڭلىك تېرىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى سەت بولغاچقا، ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئۆچكە، چاشقان قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يېگەندىن باشقا، يەنە چىرىگەن جەسەتلەرنى چوقۇپ يېيىشكە ئامراق كېلىدۇ.







▲ سوئال



نېمە ئۈچۈن تازقارانى تازىلىقچى دەيمىز؟

تازقارا ئۆچكە، چاشقانلارنى تۇتۇپ يېگەندىن باشقا، يەنە چىرىگەن ھايۋانلارنىڭ جەسەتلىرىنى يەيدۇ. بۇ باكتېرىيەلەرنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەپلا قالماستىن، يەنە ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقى ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشىدە مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ئادەملەر ئۇنى تازىلىقچى دەپ ئاتايدۇ.


▲ بىلەمسىز؟

تازقارانىڭ بەدىنى چوڭ بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى قوڭۇر قارا رەڭلىك تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. تۇمشۇقى چوڭ ھەم ئۆتكۈر، ئىلمەكسىمان بولىدۇ، ئۇ يەنە تاغ ھەيكىلى دەپ ئاتىلىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن سوپىسوپىياڭنى پايدىلىق قۇش دەيمىز؟

سوپىسوپىياڭنىڭ پەيلىرىنىڭ رەڭگى ناھايىتى چىرايلىق. سايرىغان-
دىكى ئاۋازى تولىمۇ زىل. ئۇ ئاساسلىقى قۇرت - قوڭغۇزنىڭ لىچىنكىلى-
رىنى يېمەكلىك قىلىدۇ. بىر تال سوپىسوپىياڭ نەچچە مو يەردىكى مېۋى-
زارلىقنى قوغدىيالايدۇ. ئۇ بىر خىل پايدىلىق قۇش بولغاچقا، بىز ئۇنى
قوغدىشىمىز كېرەك.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن قۇشلارنىڭ پۇتى-
نىڭ شەكلى ئوخشىمايدۇ؟

قۇشلارنىڭ پۇتى ئۇلارنىڭ تەبى-
ئەت دۇنياسىدا ھايات كەچۈرۈشىدى-
كى مۇھىم ئەزاسى ۋە قورالى.
ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ بەزىلىرى يۇ-
گۈرۈشكە، يول يۈرۈشكە، سۇ ئۈزۈش-
كە ماھىر بولسا، بەزىلىرى دۈشمەن-
لىرى بىلەن ئېلىشىشقا، يېمەكلىك
تۇتۇشقا ماھىر بولۇپ، تۈزۈلۈشى
ئوخشاش بولمىغاچقا، شەكلىمۇ تەبى-
ئىيلا ئوخشىمايدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

سوپىسيوپىياڭنىڭ بەدىنى-
نىڭ رەڭگى سېرىق، كۆزىدىن
بېشىنىڭ كەينىگىچە قارا
رەڭدە، تۇمشۇقى سۇس قىزىل
رەڭدە بولۇپ، سېرىق سوپىسوپى-
ياڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## قايسى خىل قۇش سۇ بويىدا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ؟

سۇ بويىدا ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان قۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى بېلىق تۇتۇش ماھىرلىرى، مەسلەن، قارنا، ساقىيقۇش قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى. بۇلاردىن باشقا كىچىك ئۇقار، قىزىل تاجلىق يېكەن توخۇسى، كۆكتارغاق، ئاق قورساقلىق قۇش قاتارلىق پەسىل قۇشلىرى ھەمدە كۆپلىگەن قىش قۇشلىرىمۇ سۇ بويىدا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ.









▲ سوئال

رەڭ ئۆزگەرتىدىغان قۇشنى بىلەمسىز؟

شىمالىي مۇز ئوكيان رايونلىرى ۋە يايلاقلاردا ياشايدىغان تۇندرا كەكلىكىنىڭ ئۇچۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ، دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. بىراق، ئۇلار پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ پېيىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدايدۇ. باھار پەسلىدە ئۇلارنىڭ پېيىنىڭ رەڭگى قوڭۇر رەڭدە، ياز پەسلىدە زىغىر رەڭدە، كۈز پەسلىدە تۇتۇق قوڭۇر رەڭدە، قىشتا ئاق رەڭدە ئۆزگىرىدۇ. مانا بۇمۇ بىر خىل ياشاش ئۇسۇلىدۇر.



▲ بىلەمسىز؟

قارنا دېڭىز بۈركۈتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ پېيىنىڭ رەڭگى قارا، يېشىل رەڭلىك پارقىراق سىزىقلىرى بولۇپ، سۇ ئۈزەلەيدۇ، بېلىق تۇتۇشقا ماھىر كېلىدۇ.

## قاغىنىڭ ئاۋازى ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەمدۇ؟

بۇ ئىلمىي بولمىغان قاراش. قاغىنىڭ سايرىشى ئېھتىمال خەتەرلىك ئەھۋالغا يولۇقۇپ قالغان بولسا كۆپچىلىكنى بىرلىكتە قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان بولۇشى ياكى بالىلىرى يىراققا كېتىپ قالغان بولسا ئۇلارنى تېزدىن ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىشكە چاقىرغان ئاۋازىدۇر. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق.









▲ سوئال

نېمە سەۋەبتىن قۇشلارنىڭ سايرىشى ئوخشىمايدۇ؟

قۇشلارنىڭ گېلىدا بىر پارچە «سايراش نەيچىسى» دەيدىغان ئايرىغۇچى پەردە توقۇلمىسى بولىدۇ. ھاۋا ئۆتكەندە سايراش نەيچىسى كۈچلۈك تەۋرىنىدۇ. سايراش نەيچىسىنىڭ شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئاۋازىنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ. مۇسكۇل ئايرىغۇچى پەردىنىڭ تارتىش ياكى بوشىشىنى كونترول قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇشلار ئاۋازىنى كونترول قىلىپ، يېقىملىق ۋە لەرزان سايرايدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

قاغىلار ئورمانلىق ياكى ئېتىزلىقلاردا ياشايدۇ، دانلىق زىرائەتلەر، مېۋە ۋە قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى يەيدۇ.

## مۇشۇكياپىلاق قايسى ۋاقىتتا يېمەكلىك ئىزدەيدۇ؟

مۇشۇكياپىلاقنىڭ كۆزى ئالاھىدە بولىدۇ، يەنى كۆرۈش تور پەردىسىنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن يورۇقلۇققا سەزگۈر ھۈجەيرىلەر بولۇپ، ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. كۈندۈزى يورۇقلۇق ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، مۇشۇكياپىلاق ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ، بىراق كېچىسى ناھايىتى ئېنىق كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇ دائىم كېچىسى يېمەكلىك ئىزدەيدۇ.







▲ سوئال

قۇشلارنىڭ ئىككى ئاشقازىنى بولامدۇ؟



قۇشلارنىڭ بىرىنچى ئاشقازىنى ئاشقازان خالتىسى بولۇپ، يېمەكلىك ئالدى بىلەن بۇ ئورۇندا يىرىك پىششىقلىنىدۇ؛ يەنە بىر ئاشقازىنى تاشلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئازراق تاش بولىدۇ، يېرىم ھەزىم قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى ئېزىپ يۇمشىتىپ ئۇماچ ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېمەكلىك ياخشى ھەزىم قىلىنىدۇ.

▲ بىلەمسىز؟

مۇشۇكياپىلاقنىڭ بوينى 180 گرادۇس ئايلىنىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئولجىلارنى توغرا بايقىشىغا ھەمدە تۇتۇشىغا پايدىلىق.



## قۇشلار ئىچىدىكى ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى قايسى؟

«مۇزىكا، ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى» لىرا قۇشى ئىچىدىكى ئەركەك قۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردا 16 تال ئۇزۇن قۇيرۇق پېيى بار. ئۇلار ھەر قېتىملىق كۆپىيىش مەزگىلىدە قۇيرۇق پەيلىرىنى ئېچىپ، بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناپ، چىشى قۇشقا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى ناھايىتى چىرايلىق.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن گۈللۈك قۇيرۇقلۇق ئورمان ياڭىقى توخۇسىنى ئۇچار قۇش دەيمىز؟

گۈللۈك قۇيرۇقلۇق ئورمان ياڭىقى توخۇسى شەرقىي شىمالدىكى داشىڭئەنلىڭ بىلەن چاڭبەيشەن تېغىدىكى ئورمانلىق رايونىدا ياشايدۇ. گۆشى يۇمشاق، تەمى مەززىلىك بولغاچقا، چىڭنىلۇڭ دەۋرىدە ئوردا بۇيۇمى قاتارىدا تىزىلاتتى، بۇ داڭلىق ئۇچار قۇش ھېسابلىنىدۇ.

▲ بىلەمسىز؟

چىشى لىرا قۇشىنىڭ ئۇسسۇلى ئانچە گەۋدىلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى باشقىچە بولۇپ، ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ.



## گۆشخور قۇشلار قانداق ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ؟

بۇركۇت، تازقارا قاتارلىقلار گۆشخور قۇشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزى ناھايىتى ئۆتكۈر، خېلى ئېگىزدە تۇرۇپمۇ يەردىكى كىچىك ھايۋانلارنى كۆ-رۈۋالالايدۇ ھەم ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ چۈشۈپ، ئۇلارنى تۇتۇپ، خالىي جايغا ئېلىپ بېرىپ ھوزۇرلىنىپ يەيدۇ.







▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن قۇشلار يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئې-چىلغاندا تېخىمۇ جانلى-نىپ كېتىدۇ؟



يامغۇر ياغقاندا قۇشلار سىرتقا چىقىپ ئو-زۇقلۇق ئىزدىيەلمىگەچ-كە، ھەم توڭلايدۇ، ھەم ئاچ قالىدۇ. يامغۇردىن كېيىن قۇرت - قوڭغۇزلار تېخىمۇ كۆپ، ھاۋامۇ نا-ھايىتى ساپلاشقان بولغاچقا، ئۇلار بۇ چاغدا ناھايىتى جانلىنىپ كېتىدۇ.


▲ بىلەمسىز؟

گۆشخور قۇشلار دېگىنىمىز ۋەھشىي قۇشلارنى، يەنى تازقارا، بۈركۈت، ھۇۋقۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار باشقا قۇشلار ۋە كىچىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.



## توقۇمىچى قۇش ئۇۋىسىنى قانداق توقۇيدۇ؟

توقۇمىچى قۇش خۇددى ماھىر توقۇمىچى قىزدەك، ئالدى بىلەن يوپۇرماقنى يىرتىپ تالا ھالەتكە كەلتۈرۈۋېلىپ، دەرەخ شېخىغا تىزىپ، ئاندىن تۇمشۇقى بىلەن ئۇسۇملۇك تالاسىنى چىشلەپ، يىڭنىدىن يىپ ئۆتكۈزگەندەك ئۆتكۈزۈپ ئۇۋىسىنى توقۇيدۇ.









▲ سوئال

بىز يەيدىغان قارلىغاچ ئۇۋىسى نېمە؟

بۇ قىزىل پاچاق ھەيرانىنىڭ دېڭىز بويىدىكى تاشلارغا سالغان ئۇۋىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇلار چىقارغان شىلىمشىق شۆلگىيىنىڭ قېتىشىشىدىن شەكىللەنگەن، ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بىر خىل ئەتىۋارلىق بۇيۇم.



▲ بىلەمسىز؟

ھەر يىلى 3 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىت توقۇمىچى قۇشلارنىڭ جۈپلىشىپ كۆپىيىدىغان مەزگىلىدۇر.

## نېمە ئۈچۈن ساقىيقۇشنىڭ ئېغىزى يوغان؟

ساقىيقۇشنىڭ يوغان ئېغىزى، ئېغىزىنىڭ ئاستىدا يوغان ئېلاستىك خالتىسى بولىدۇ. ئۇ بېلىق تۇتقاندا، ئېغىزى بىلەن خالتىسىنى بىراقلا سۇغا تىقىپ ئالدىغا قاراپ ئۈزۈپ بىردەمنىڭ ئىچىدە خالتىسىغا سۇ ۋە بېلىقنى توشقۇزىدۇ، ئۇنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى ناھايىتى ئەپلىك.







▲ سوئال

تورلارنىڭ ھەممىسى قانىتىنى يايامدۇ؟

پەقەت ئەركەك تورلا قانىتىنى يايىدۇ. چىشى تورنىڭ چىرايلىق پېيى بولمىغاچقا، قانىتىنى يايمايدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

ساقىيقۇشنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر كېلىدۇ، تۇمشۇقى ئۇزۇن، توپلىشىپ ياشايدۇ، سۇ ئۈزۈش ۋە بېلىق تۇتۇشقا ماھىر.



## نېمە ئۈچۈن قۇشلار كۆچىدۇ؟

قۇشلارنىڭ كۆچۈشى ئۇلارنىڭ يېتىلىش مەزگىلى ۋە ياشاش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قۇشلارنىڭ بەزىلىرى غايەت زور توپنى شەكىللەندۈرۈپ، رەتلىك تىزىلىشىپ كۆچىدۇ. مەسىلەن، ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك قاتارلىقلار؛ يەنە بەزىلىرى يالغۇز، ئەركىن - ئازادە كۆچىدۇ. مەسىلەن، يىرتقۇچ قۇشلار.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن توخۇ، ئۆردەك ۋە غازلار ئۇچالمايدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇچالايتتى. كېيىنچە ئىنسانلار ئۇلارنى ئائىلە ھايۋانلىرى قاتارىدا بېقىپ، ئۇلارغا كاتەك ياساپ، يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەچكە، ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن ياكى ئۇچۇپ يۈرۈپ ئوزۇقلۇق ئىزدەشتىن غەم قىلمايدىغان بولغان ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بارغانسېرى سەمرىپ، قانىتىنىڭ ئىقتىدارى يوقاپ كەتكەن.



▲ بىلەمسىز؟

تۇرنا، ياۋا غاز ۋە ياۋا ئۆردەكلەر كۆچكەن ۋاقىتتا كۆپ ھاللاردا «八» ياكى «—» شەكلىدە تىزىلىپ ئۇچىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن ئىسقىرتقىنى ئۇرۇق تارقىتىشتا تۆهپىسى بار دەيمىز؟

ئىسقىرتقىنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغىنى مېۋە بولۇپ، يېگەن مېۋىسىنى هەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇقنى تەرەت بىلەن بىللە سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇرۇق ئىسقىرتقىنىڭ تېنىدە ئېنىزىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئاسان بىخلىنىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى ئۇرۇق تارقىتىشتا تۆهپىسى بار، دەيدۇ.









▲ سوئال

هايۋانلار ئۆزىنى داۋالىيالامدۇ؟

ئېيتىشلارغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار ئۆسۈملۈك دورىلاردىن پايدىلىنىشنى هايۋانلاردىن ئۆگەنگەنىكەن. هايۋانلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارى ناهايىتى يۇقىرى، ئۇلار ئۆزلىرىنى قوغداپلا قالماي، يەنە ئۆزلىرىنى داۋالايدۇ. بۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

▲ بىلەمسىز؟

ئىسقىرتقا تىنچلىقتا سىمۋول قىلىنىدىغان پەسىل قۇشى، ئۇ مېۋە يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.



## ئالباتروسنىڭ تۇمشۇقى راستىنلا ئېغىرمۇ؟

چوڭ تۇمشۇقلۇق قۇشنىڭ تۇمشۇقى پۈتۈن بەدەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. تۇمشۇقى ناھايىتى قاتتىق، بىراق تۇمشۇقىنىڭ تۈۋىدىكى ئۇستىخىنىدا كۆپلىگەن تۆشۈكلەر بار، سىرتقى قېپى ناھايىتى نېپىز. تۇمشۇقى كۆرۈنۈشتە ھەم يوغان، ھەم توم بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئېغىر ئەمەس، ئوزۇقلۇقلارنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتالايدۇ.









▲ سوئال

چوڭ تۇمشۇقلۇق قۇش قانداق ئوزۇقلىنىدۇ؟

چوڭ تۇمشۇقلۇق قۇشنىڭ مېۋە يېگەندە غەلىتە بىر قىلىقى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئالدى بىلەن مېۋىنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئاندىن تىك تۇرۇپ مېۋىنى ئاغزىغا بىۋاسىتە سالىدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

چوڭ تۇمشۇقلۇق قۇش جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئامازون دەرياسىنىڭ ئېغىزى بويلىرىدا ياشايدۇ، ئۇزۇنلۇقى 50 ~ 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن قارلىغاچنى باھار ئەلچىسى دەيمىز؟

قارلىغاچلار ئىللىق تېمپېراتۇرىنى ياخشى كۆرىدۇ، قىش پەسلىدە قارلىغاچلار شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئۇچۇپ كېتىدۇ؛ ئىككىنچى يىلى باھاردا قارلىغاچلار يىراقتىكى جەنۇبتىن شىمالغا قايتىپ كېلىدۇ، شۇڭا شىماللىقلار قارلىغاچنى كۆرگەن ھامان باھار كەپتۇ، دېيىشىدۇ.







▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن سېغىزخاننى خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ دەيمىز؟



سېغىزخاننىڭ پۇتى ناھايىتى مەزمۇت بولۇپ، يەر يۈزىدە مېڭىپ يۈرۈپمۇ ئوزۇقلۇق ئىزدىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ سايرىغاندىكى ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق، ئۆزىمۇ ئادەمگە ناھايىتى يېقىشلىق بولغاچقا، ئىنسانلار ئۇنى مېھمانغا سىمۋول قىلىپ، خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سېغىزخاننىڭ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشىنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق.

▲ بىلەمسىز؟

قارلىغاچ يەنە ئائىلە قارلىغىچى دېيىلىدۇ، ئۇ ئاساسلىقى قۇرت ـ قوڭغۇز يەيدۇ، كۆپىنچە لەمپە ئاستىغا ئۇۋا سالىدۇ، ئۇۋىسى قاچا شەكلىدە بولىدۇ.




## نېمە ئۈچۈن توخۇ غەزەپلەنگەندە بويىنىدىكى تۈكلىرى تىك تۇرۇپ كېتىدۇ؟

ھايۋانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىپادە ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. قانچە ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان بولغانسېرى، بۇ خىل ئالاھىدىلىكى شۇنچە گەۋدىلىنىدۇ. توخۇنىڭ غەزەپلەنگەندە بويىنىدىكى تۈكلىرىنىڭ تىك تۇرۇپ كېتىشى دەل ئۇنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن ئەركەك قۇش چىشى قۇشتىن چىرايلىق بولىدۇ؟

ئەركەك قۇش پېيى ئارقىلىق چىشى قۇشلارنى جەلپ قىلىدۇ. پېيىنىڭ رەڭگى قانچە كۆركەم بولسا شۇنچە كۆپ جورىلارنى ئۆزىگە مايىل قىلىدۇ. كۆپلىگەن چىشى قۇشلار تۇخۇم تۇغۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پېيىنىڭ رەڭگى تۇتۇق بولغاچقا، دۈشمەنلىرى ئاسانلىقچە بايقىيالمايدۇ، يەنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

توخۇ ئائىلە قۇشى بولۇپ، سورتلىرى كۆپ، ئۇنىڭ گۆشى بىلەن تۇخۇمى ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.

## قۇشلار ئۇچقاندا پۇتىنى قەيەرگە قويىدۇ؟

قۇشلار ئۇچقاندا ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىنى يوقىرى دەرىجىدە چەكلەش ئۈچۈن، قىسقا پۇتلۇق قۇشلار بىر جۈپ پۇتىنى بەدىنىگە چاپلاپ تۇرۇپ ئۇچىدۇ، پۇتى ئۇزۇن قۇشلار بولسا بىر جۈپ پۇتىنى كەينىگە قارىتىپ جۈپلەپ تۇرۇپ ئۇچىدۇ.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن سوقسۇرنى ھەقىقىي ئامراقلاردىن ئەمەس دەيمىز؟

تېنى ساغلام بولغان ئەركەك سوقسۇر كۆپلىگەن چىشى سوقسۇرلارنى ئىگىلىۋالىدۇ، تېنى ئاجىزلىرى بولسا بىرىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. ناۋادا مەلۇم بىر چىشى سوقسۇر ئۆلۈپ كەتسە، ئەركەك سوقسۇر دەرھال باشقا چىشى سوقسۇرنى ئىزدەيدۇ. بولۇپمۇ چىشى سوقسۇر بالا تۇغقاندىن كېيىن، ئەركەك سوقسۇر ئۇنى تاشلاپ باشقا ياقلارغا كېتىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

سوقسۇرنىڭ جۈغى بىر قەدەر كىچىك بولۇپ، ياۋا ئۆردەككە ئوخشايدۇ، تۇمشۇقى ياپىلاق، بوينى ئۇزۇن، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ھەم ئۇچالايدۇ.

## نېمە ئۈچۈن ئىسسىق بەلۋاغ دېڭىز بېلىقى چىرايلىق بولىدۇ؟

ئىسسىق بەلۋاغ دېڭىز بېلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايلىق رەڭگى ھەم گۈزەل سىزىقچىلىرى بار. شۇڭلاشقا ئۇلار مارجان توپلىرى ئارىسىغا كىرىۋالسا، ئۇلارنى ئوزۇقلۇق قىلغۇچىلار ئاسان بايقىيالمايدۇ. ھەمدە ئۆز تۈردىكىلەرنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايغا كىرىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، جورا جەلپ قىلىدۇ.










▲ سوئال

بېلىق قاچان پەيدا بولغان؟

تاش قاتلىمىدىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇكى، مارجان، دېڭىز گۈلسامسىقى، بۇلۇتسىمان ھايۋانلار ئىچىدە قۇلۇلە تۈرىدىكىلەر دەسلەپتە پەيدا بولغان. دېڭىز تەدرىجىي جانلىنىپ، ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دېڭىز چايىنى پەيدا بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېۋگالېئاسپىد بېلىقى بىلەن ئومۇرتقىلىق بېلىقلارنىڭ ئەجدادى پەيدا بولۇشقا باشلىغان.



▲ بىلەمسىز؟

ئىسسىق بەلۋاغ دېڭىز بېلىقلىرى ئىسسىق بەلۋاغ ياكى ئىسسىق بەلۋاغقا مايىل بولغان دېڭىزلاردا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ شەكلى غەيرىي بولۇپ، رەڭگى چىرايلىق.

# نېمە ئۈچۈن سىخلا بېلىقى تۇخۇمىنى ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا سېلىۋالىدۇ؟

سىخلا بېلىقى ئافرىقىدا ياشايدۇ. ئۇلار تۇخۇمىنى ئېغىزىغا سېلىۋېلىپ قوغدايدۇ ھەمدە بالىسىنى تۇخۇمدىن چىقىرىدۇ. تۇخۇمدىن چىققان بېلىقچانلار ئاغزىدىن ئۈزۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئېغىزىغا قايتىپ كېلىپ، تاكى ئۆزلىرى مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرگىچە ئۇلارنىڭ قوغدىشىغا ئىگە بولىدۇ.







▲ سوئال

دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك بېلىق قايسى؟

دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك بېلىق فىلىپپىندىكى لۇزون تاقىم ئارىلىدىكى دەريا بىلەن كۆللەر ئارىسىدا ياشايدۇ، ئۇزۇنلۇقى بىر سانتىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇ راك لىچىنكىلىق تاغىل بېلىقتۇر.



▲ بىلەمسىز؟

بېلىق، توخۇ، قۇرت ياكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ تۇخۇمى چوقۇم بەلگىلىك تېمپېراتۇرا ۋە شارائىت ئاستىدا قۇرت ياكى كىچىك ھايۋانلارغا ئۆزگىرىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن دېلفىن تېز ئۈزىدۇ؟

چۈنكى، دېلفىننىڭ تېنى سۈپۈر شەكىللىك بولۇپ، سۈنىڭ قارشىلىق كۈچىنى تۆۋەنلىتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئالاھىدە بولغان تېرە قۇرۇلمىسى خۇددى تەۋرىنىشنى يەڭگىللەتكۈچى ئەسۋابقا ئوخشاش، سۇنىڭ سۈركىلىشىدىن پەيدا بولغان قارشىلىق كۈچىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرىدۇ. شۇڭا، دېلفىن ناھايىتى تېز ئۈزىدۇ.









▲ سوئال

بېلىقنىڭ بۇرنى بارمۇ؟

بېلىقنىڭ بۇرنى بار. بۇرۇن بۇرۇن تۆشۈكىنى كۆرسىتىدۇ. بېلىق باش قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى تال بۇرۇن تۆشۈكى بولىدۇ. سۇ ئالدى تەرەپتىكى بۇرۇن تۆشۈكىدىن كىرىپ، كەينى تەرەپتىكى بۇرۇن تۆشۈكىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بېلىق سۇدىكى پۇراقنى پۇرىيالايدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

دېلفىن سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكى بېشىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، بېلىق، سىياھبېلىق، راك قاتارلىقلارنى يەيدۇ.

## سەقەنقۇرنىڭ چىشىسى تۇغامدۇ ياكى ئەركىكىمۇ؟

سەقەنقۇرنىڭ ئەركىكى تۇغىدۇ. چىشى سەقەنقۇر تۇخۇمىنى ئەركەك سەقەنقۇرنىڭ پەرۋىش خالتىسىغا تۇغىدۇ. تۆت ھەپتىلىك تۇخۇم باستۇرۇشتىن كېيىن، كىچىك سەقەنقۇرلار دادىسىنىڭ پەرۋىش خالتىسىدىن چىقىپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.









▲ سوئال

بېلىق تۈرىدىكىلەرنىڭ جەمئىي نەچچە خىلى بار؟

ھازىر دۇنيادا مەۋجۇت بولغان بېلىق تۈرىدىكىلەردىن تاڭلايسىز بېلىقلار تۈرىدىكىلەر، كۆمۈرچەكلىك بېلىقلار تۈرىدىكىلەر ۋە سۆڭەكلىك بېلىقلار تۈرىدىكىلەردىن ئىبارەت ئۈچ خىل 18900 تۈر بېلىق بار.


▲ بىلەمسىز؟

سەقەنقۇر بىر خىل كىچىك تىپتىكى بېلىق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 10 ~ 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ، شەكلى ئاتنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، قۇيرۇقى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن بازارلاردا تىرىك تاسما بېلىق بىلەن سېرىق بېلىق يوق؟

چۈنكى، تاسما بېلىق بىلەن سېرىق بېلىق دېڭىز بېلىقى، يەنى تۇزلۇق سۇ بېلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېنىدىكى بېسىم بىلەن تۇز مىقدارى تۇزسىز سۇ بېلىقىدىن چوڭ بولغاچقا، دېڭىزدىن ئايرىلغان ھامان بېلىق پۇۋەكچىسى بېسىم پەرقى تۈپەيلىدىن يېرىلىپ كېتىپ، بېلىق ئۆلىدۇ.







▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن قىش پەسلىدە تاسما بېلىق كۆپ بولىدۇ؟

تاسما بېلىقنىڭ يۇقىرى ئېقىنغا كۆچۈش ئادىتى بولغاچقا، قىش پەسلىدە يەمچۈكلەر مول بولغان جايغا كۆچۈپ بېرىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ.



مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىزلىرىدىكى تاسما بېلىق ئىككى خىل: جەنۇبىي قىسىم دېڭىزدىكى تېنى كىچىك ھەم سېمىز بولغان «جەنۇبىي قىسىم تاسما بېلىقى» ۋە شىمالىي قىسىم دېڭىزدىكى تېنى چوڭ ھەم كۈچلۈك بولغان «شىمالىي قىسىم تاسما بېلىقى» دىن ئىبارەت.

▲ بىلەمسىز؟

تاسما بېلىقنىڭ شەكلى خۇددى تاسمىغا ئوخشايدۇ، كۈمۈش رەڭلىك، پۈتۈن بەدىنى سىلىق، قاسىرقى چېكىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بەزى جايلاردا ئۇنى پىچاق بېلىق دەپمۇ ئاتايدۇ.



## نىمە ئۈچۈن بېلىق سۇدا لەيلەپ ـ چۆكەلەيدۇ؟

بېلىقنىڭ تېنىدە هاۋا تولغان خالتا بولىدۇ. ئۇ بېلىقنىڭ سۇدا
لەيلەپ ـ چۆكۈشىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. خالتا تارايغاندا، هاۋا ئازـ
يىپ بېلىق چۆكىدۇ؛ خالتا كېڭەيگەندە، هاۋا كۆپىيىپ، بېلىق لەيلەيدۇ.









▲ سوئال

سۇ ئۈزەلمەيدىغان بېلىق بارمۇ؟

هىندى ئوكياننىڭ
نېدۇ تاقىم ئارىلىدا ياشايدىـ
غان غار يىلانبېلىقى دەپ ئاـ
تىلىدىغان بىر خىل بېلىق
بولۇپ، گەرچە ئۇ هەقىقىي
بېلىق بولسىمۇ، لېكىن سۇدا خالىغانچە ئۈزمەيدۇ. پەقەت تىپتىنچ ۋاقىتـ
تىلا ئاغزىنى ئېچىپ سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن جانلىقلار ياكى كىچىك هايۋانلارـ
نىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

بېلىقنىڭ پۇۋەكچىسى
بىلەن كېكىردىكى تۇتاش بولىـ
دۇ، هەر ئىككىسىگە هاۋا تولۇپ
تۇرىدۇ، ئەركىن تارىيىپ كېڭىـ
يىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن دېڭىز ئاپتاپپەرىسنى «يوشۇرۇن قوراللىق قاتىل» دەيمىز؟

دېڭىز ئاپتاپپەرىسىدە كۆپلىگەن سېزىش قوللىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەھەرلىك تىكەن ھۈجەيرىلىرى زىچ تارقىلىدۇ. بېلىقلار ئۈزۈپ سېزىش قوللىرىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، دېڭىز ئاپتاپپەرىسى دەرھال زەھەر تىكىنىنى چىقىرىدۇ ھەمدە بېلىقنى سانجىپ ھوشىدىن كەتكۈزىدۇ. شۇڭا، ئۇنى مەخپىي قورال چىقىرىش ماھىرى دەيمىز.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن دېڭىز ئادەمگىياھى يازدا ئۇچەككە كىرىدۇ؟

دېڭىز ئادەمگىياھى مىكرو جانلىقلارنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ياز پەسلىدە كىچىك جانلىقلارنىڭ ھەممىسى دېڭىز يۈزىگە چىقىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ ھەمدە كۆپىيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دېڭىز ئاستىدا قالغان دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ يېمەكلىكى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئۇ يازدا ئۇچەككە كىرىدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

دېڭىز ئاپتاپپەرىسى بىر خىل ناھايىتى چىرايلىق كاۋاك ئىچلىك ھايۋان بولۇپ، نۇرغۇن سېزىش قوللىرى بار، دېڭىزدا ياشايدۇ.

## نېمە ئۈچۈن ئىپار كىتىنى سۇغا چۆكۈش چېمپىيونى دەيمىز؟

ئىپار كىتى كىتلار ئارىسىدىكى سۇغا چۆكۈش چېمپىيونى بولۇپ، ئۇ تېز سۈرئەتتە سۇغا چۆكۈپلا قالماستىن، يەنە تۇيۇقسىز لەيلەپ چىقىدۇ. ئۇ 2200 مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۆكۈپ، يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار ئىچىدىكى سۇغا چۆكۈش ماھىرلىرى بولغان سىياھبېلىق بىلەن سەككىز ئاياغنى تۇتۇپ يەيدۇ.








▲ سوئال

كىم دېڭىزدىكى «ھەقسىز ساياھەتچى»؟



مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدا بىر خىل بېلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدىكى دۈمبە پالاقچىسى ئېللىپسسىمان ھەم بولغان شورىغۇچ تەخسىگە ئۆزگەرگەن. ئۇ دائىم شورىغۇچ تەخسىسى ئارقىلىق لەھەڭ، كىت، دېلفىن ياكى دېڭىز تاشپاقىسى قاتارلىقلارغا يېپىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەممىلا جاينى ساياھەت قىلىدۇ. ئۇ دېڭىزدىكى داڭلىق «ھەقسىز ساياھەتچى»دۇر.




▲ بىلەمسىز؟

ئىپار كىتىنىڭ پېشانىسى پۈتۈن بەدىنىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە مول ماي بولىدۇ.

## دېڭىزدىكى يىرتقۇچ ئاق بېلىقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قانداق ساقلىنىدۇ؟

دېڭىزدىكى بېلىقلار چوڭ بېلىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، دەرھال سۇ ۋە ھاۋا يۇتۇپ ئارقىلىق بەدىنىنى يۇمىلاق كۆپتۈرىۋالىدۇ، بەدىنىدىكى تىكەنلىرى تىكلىنىپ، خۇددى غايەت زور توكلۇك كاشتانغا ئوخشاپ قالىدۇ.









▲ سوئال

بېلىق ئۈزگۈچىسىنىڭ نېمە رولى بار؟

قۇيرۇق ئۈزگۈچىسى خۇددى كېمىنىڭ پالىقى ۋە رولىغا ئوخشايدۇ؛ كۆكرەك ئۈزگۈچىسى بىلەن قورساق ئۈزگۈچىسى خۇددى كېمىنىڭ پالىقىغا ئوخشايدۇ. بېلىق ئۈزگۈچلىرى ۋە بەدىنىنىڭ پىلتىڭلاش ھەرىكىتىگە تايىنىپ ئۈزىدۇ. بېلىقنىڭ دۈمبە ئۈزگۈچىسى ئاساسلىقى بەدىنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

دېڭىزدىكى بېلىقنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە تىكەن بولىدۇ، دۈمبە پالاقچىسى بىلەن ساغرا پالاقچىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۈزىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن كېتا بېلىقى جاپالىق ئۈزۈن مۇساپىنى باسىدۇ؟

كېتا بېلىقى دەريادا تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، توپلىشىپ دېڭىزغا ئۈزۈپ بارىدۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىن يەنە دەرياغا قايتىپ كېلىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. بۇ جەرياندا چارچاپ ھالىدىن كېتىدۇ. ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىدە 16000 كىلومېتىر ئۈزىدۇ.







▲ سوئال

كېتا بېلىقى قانداق تۇخۇم تۇغىدۇ؟



كېتا بېلىقى 9 ـ ئايدىن باشلاپ يىل ئاخىرىغىچە دەريادا تۇرۇپ تۇخۇم تۇغىدۇ. بالىلىرى 3 ــ 5 ـ ئايلاردا ئېقىن بويىچە ئۈزۈپ دېڭىزغا بارىدۇ. دېڭىزدا ئۈچ ـ تۆت يىل ياشاپ، چوڭ بولۇپ يېتىلگەندىن كېيىن يەنە دەرياغا قايتىپ كېلىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. بۇ، كۆپىيىش ئۈچۈن كۆچۈش دېيىلىدۇ.

▲ بىلەمسىز؟

كېتا بېلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2 ~ 3 چى كېلىدۇ، ئاغزى يوغان، قاسىرىقى ئىنچىكە بولىدۇ، تىنچ ئوكياننىڭ شىمالىدا ياشايدۇ.



## دېڭىز تاشپاقىسى دېڭىزدىن قانداق ئۈتىدۇ؟

هەر يىلى 3 ـ ئايدا دېڭىز تاشپاقىسى توپى ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۈتۈپ، ئېكۋاتورغا يېقىن ئاسىنسۇنىڭ ئارىلىدىكى قۇملۇققا بېرىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. مىس ـ مىس دېڭىز تاشپاقىسى قانداق قىلىپ ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۈتىدۇ؟ ئەسلىدە ئۇلار ئېقىنغا ئەگىشىپ ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۈتىدىكەن.







▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن دېڭىز تاشپاقىسى «كۆز يېشى» قىلىدۇ؟



دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ كۆز ئويمىنىنىڭ كەينىدە تۇز ئاجرىتىش بېزى دەپ ئاتىلىدىغان ئەزا بولۇپ، بەدەندىكى ئېشىنچا تۇزلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ «كۆز يېشى» ئەمەلىيەتتە، بەدەن سىرتىغا چىقىرىۋېتىلگەن ئېشىنچا تۇزدىن ئىبارەت.


▲ بىلەمسىز؟

دېڭىز تاشپاقىسى ئۆمىلىگۈچى هايۋان تۈرىگە كىرىدۇ، بەدىنى سوقىچاق هەم ياپىلاق، دۈمبىسى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ هەم ناهايىتى قاتتىق قېپى بولىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن دېڭىز يۇلتۇزىنى گۈزەل قاتىل دەيمىز؟

دېڭىز يۇلتۇزى قۇلۇلىنى بايقىغان ھامان شىددەت بىلەن ئېتىلىپ بارىدۇ، ئاندىن قورسىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئېغىزىدىن ئاشقازىنىنى چىقىرىپ، قۇلۇلىنى يۆگەپ تۇرۇپ پۈتۈن يۇتۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تۇتۇش ئۇسۇلى ناھايىتى قەبىھ ھەم غەيرىي.









▲ سوئال

دېڭىز يۇلتۇزىنىڭ بىلىكى سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن قانداق قىلىدۇ؟

دېڭىز يۇلتۇزى ناھايىتى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، بىلىكى سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن قايتا يېڭى بىلەك ئۆسۈپ چىقىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

دېڭىز يۇلتۇزى بىر خىل گۈزەل ھايۋان بولۇپ، شەكلى يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ، قورسىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاغزى بولىدۇ.

## توكسوتېس بېلىقى ئولجىنى قانداق تۇتىدۇ؟

قۇرت ـ قوڭغۇزلار دەريا يۈزىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە ياكى سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ئۈستىدە ئارام ئېلىۋاتقاندا توكسوتېس بېلىقى تېزلىك بىلەن ئولجىغا يېقىن جايغا ئۈزۈپ بېرىپ، ئاغزىغا يىغىۋالغان سۇنى قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا قارىتىپ دەل تەگكۈزۈپ پۈركۈپ، ئۇلارنى سۇغا چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مېززىلىك يېمەكلىكى قىلىۋالىدۇ.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن بېلىقلار سۇدىن سەكرەپ چىقىۋالىدۇ؟

كۆپلىگەن بېلىقلار سۇدىن سەكرەپ چىقىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىر قىسىم بېلىقلارنىڭ سۇدىن سەكرەپ چىقىۋېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار دۈشمەنلىرىگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇلاردىن دالدىلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؛ بىر قىسىم بېلىقلار بولسا بۇنى بىر خىل ئويۇن قاتارىدا كۆرىدۇ؛ يەنە بىر قىسىم بېلىقلار سۇدىكى ئوكسىگېن مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن سەكرەپ چىقىۋالىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

توكسوتېس بېلىقى پۈركۈگەن سۇ ئۈچ مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ 15 ھەسسىسىگە تەڭ.

## ئاكۇلا ئۇخلامدۇ؟

شۇنداق، چۈنكى ئاكۇلانىڭ قورسىقىدا پۇۋەكچە بولمايدۇ، كۆكرەك ئۈزگۈچىسى بىلەن قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ لەيلەيدۇ ياكى چۆكىدۇ. ئاكۇلا ئۇخلاپ قالغان تەقدىردىمۇ قۇيرۇقىنى توختىماستىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بەدىنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن ئاكۇلا توختىماستىن ئۈزۈپ يۈرىدۇ؟

ئاكۇلا كۆمۈرچەكلىك بېلىق، ئۇ ئۇستىخانلىق بېلىققا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ژابرا قاپقىقى يوق، بىراق بېشىنىڭ كەينىدە 5 ~ 7 تال ژابرا يېرىقچىسى بار. يەنە كېلىپ ئاكۇلانىڭ سۇ چىقىرىش ئەزاسى بولمىغاچقا، توختىماستىن ئۈزۈپ يۈرگەندە ژابرا يېرىقچىسى كۆپ مىقداردىكى ساپ دېڭىز سۈيى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ، بولمىسا ئاكۇلا ئۆلۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئۇلار توختىماستىن ئۈزۈپ يۈرىدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

ئاكۇلانىڭ ئىچكى قۇلىقى ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، نەچچە يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى ئادەملەرنىڭ سۇ ئۈزگەندىكى ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ.

## نېمە ئۈچۈن لايىپېگەك سىلىق بولىدۇ؟

لايىپىگەكنىڭ بەدىنىدە بىر قەۋەت سىلىق بولغان سىرتقى تېرە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆپلىگەن كىچىك تۆشۈكچىلەر بولىدۇ، بۇ تۆشۈكچىلەر ھەم يېپىشقاق، ھەم سىلىق بولغان سۇيۇقلۇقلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، لايىپېگەكنى تۇتقاندا سىلىق تۇيۇلىدۇ ھەم ئاسان تۇتقىلى بولمايدۇ.









▲ سوئال

بېلىقلارنىڭ يېشىغا قانداق ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ؟

بېلىقلارنىڭمۇ يېشى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يېشى قاسىرقىدا بولۇپ، ھەربىر يىل ئۆتكەندە قاسىرقىدا بىر تال ياي شەكىللىنىدۇ. بېلىققا بىر ياش قوشۇلسا، يايدىنمۇ بىرى كۆپىيىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

لايىپېگەكنىڭ ئېغىزىنىڭ ئۈستىدە بەش جۈپ بۇرۇتى بولىدۇ، ئۇ دائىم كۆللەر، سازلىق ۋە سۇلۇق ئېتىز قاتارلىق جايلاردا لايغا مىلىنىپ ياشايدۇ.

## دەرەخقە چىقالايدىغان بېلىق بارمۇ؟

سرى لانكا بىلەن ھىندىستاندا ياشايدىغان ئاناباس بېلىقى ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن كۈنلىرى، پالاقچىسى ئارقىلىق دەرەخقە ئۆمىلەپ چىقىپ سالقىنلىغاچ شەبنەم ئىچىپ، قۇرت - قوڭغۇز تۇتۇپ يەيدۇ. كۆلچەكتىكى سۇ قۇرۇپ كېتەي دېگەندە، ئۇ يەنە قىرغاققا ئۆمىلەپ چىقىپ سۇ بار جايغا بارىدۇ.









▲ سوئال

گوبىيېس بېلىقى قانداق ياشايدۇ؟

گوبىيېس بېلىقى سۇدىكى ۋاقتىدا ژابىراسى بىلەن نەپەسلىنىدۇ، سۇدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تېرە ۋە ئېغىز بوشلۇقىدىكى شىلىمشىق پەردىسى ئارقىلىق ئوكسىگېن سۈمۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار دائىم دېڭىز ساھىلىدا قۇرت - قوڭغۇزلارنى تۇتۇپ يەيدۇ ياكى سازاڭ يەيدۇ. دائىم قۇرۇقلۇقتا ھەرىكەت قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆكرەك ئۈزگۈچىسى تەرەققىي قىلىپ ئالدى پۇتقا ئۆزگەرگەن، ھەم سەكرىيەلەيدۇ، ھەم ئۆمىلىيەلەيدۇ. تېخى دائىم دەرەخلەرگە ئۆمىلەپ چىقىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

ئاناباس بېلىقى قۇرۇقلۇقتىكى ۋاقتىدا سىرلىق ئوردىغا ئوخشايدىغان قوشۇمچە نەپەسلىنىش ئەزاسى بىلەن ھاۋادىكى ئوكسىگېننى سۈمۈرىدۇ.

## ئۈچ بۇرجەك بېلىق قانداق بېلىق؟

ئادەتتە بېلىقلارنىڭ قورساق ئۈزگۈچىسى ئىككى بولىدۇ. لېكىن، ئۈچ بۇرجەك بېلىقنىڭ قورساق ئۈزگۈچىسى ئۈچ بولۇپ، ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە تىزىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ بۇرجەك بېلىقنىڭ بېشى بىرقەدەر چوڭ، سۇ ئۈزۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، بېلىقچىلار بىلەن راكنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.










▲ سوئال

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يېلىمنى كىم ئىشلەپ چىقارغان؟

بۇ بالانۇس قۇلۇلىسىنىڭ تۆھپىسىدۇر. ئۇلار قارىماققا چوڭ راك، كىچىك راك ۋە قىسقۇچپاقىغا ئوخشايدۇ، ئەڭ كۈچلۈك يېلىمنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىن چىققان يېپىشتۇرغۇچى ماددىلارنى توختىماستىن ياغاچ قوزۇق، تاغ جىنىس، كېمە ۋە كېمىنىڭ ئۈستىگە چاپلاشتۇرىدۇ. بۇنى مەڭگۈ ئاجراتقىلى بولمايدۇ. بىر قىسىم دۆلەتلەر بالانۇس قۇلۇلىسىنى ئەڭ ئېسىل يېمەكلىك قاتارىدا ئىستېمال قىلماقتا.



▲ بىلەمسىز؟

بېلىقنىڭ تەن تېمپېراتۇرىسى سىرتقى مۇھىت تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. كۆپلىگەن بېلىقلار يېمەكلىك ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ ياكى بېلىق يېلىمى ياسىلىدۇ.

## ئەڭ كۆپ تۇخۇم تۇغىدىغان بېلىق قايسى؟

ئاي بېلىقى ئوكياندىكى بىر خىل لەيلىمىسىمان بېلىق تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ بەدىنى بىرقەدەر چوڭ، تۇخۇمى يۇمىلاق، ئاقۇچ كۈل رەڭدە، ئېغىزى كىچىك، دۈمبە ئۈزگۈچىسى بىلەن ساغرا ئۈزگۈچىسى چوڭ ھەم قارىمۇقارشى تۇرىدۇ. قورساق ئۈزگۈچىسى يوق، قۇيرۇق ئۈزگۈچىسى چېكىنىپ كەتكەن، ئەڭ كۆپ تۇخۇم تۇغىدىغان بېلىقتۇر.









▲ سوئال

بېلىقلارنىڭ قاسىرىقىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشمۇ؟

ئوخشىمايدۇ. بېلىق قاسىرىقىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، مونوتسېنتروس بېلىقىنىڭ قاسىرىقى ھەم قېلىن، ھەم قاتتىق بولىدۇ، خۇددى قارىغاي مەدىكىنىڭ سىرتىدىكى قاسىراققا ئوخشايدۇ؛ سەقەنقۇرنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئۇستىخانسىمان قاسىراق قاپلايدۇ؛ بو دەرياسى بېلىقىنىڭ ئالتە بۇرجەكلىك قاسىرىقى پۈتۈن بەدىنىنى قاپلايدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

ئۈزگۈچ بېلىق تۈرىدىكىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئەزاسى بولۇپ، ئۇ تىكەنسىمان قاتتىق ئۇستىخان ياكى يۇمشاق ئۇستىخان تىرەپ تۇرىدىغان نېپىز پەردىدىن تۈزۈلىدۇ.


## جۈپ راكنىڭ ئەركىكى بىلەن چىشىسى جۈپ تۇرغەنمۇ؟

ئۇنداق ئەمەس. ئىلگىرى بېلىقچىلار بېلىق تۇتۇش نەتىجىسىنى ستاتىستىكا قىلغاندا «جۈپ» بويىچە ھېسابلاپ، ئىككى تال راكنى بىر جۈپ قىلىپ ساتقان، بۇ قارىماققا چىشىسى بىلەن ئەركىكىنى جۈپلەپ قويۇپ قويغاندەك ھەم كۆركەم، ھەم كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جۈپ راك دېگەن بۇ سۆز پەيدا بولغان.









▲ سوئال

راك قانداق ياشايدۇ؟

بەزى راكلار سۇ ئۈزەلمىگەچكە، دېڭىز ئاستى ۋە قىرغاقلاردا ئۆمىلەپ يۈرىدۇ؛ كۆپ قىسىم راكلار بولسا توختىماستىن ئۈزۈپ يۈرىدۇ. كۈندۈزى چوڭقۇر سۇ قاتلاملىرىدا، كېچىسى تېيىز جايلاردا ھەرىكەت قىلىدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

جۈپ راك بوغۇم پۇتلۇقلارغا تەۋە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى15~20 سانتىمېتىر كېلىدۇ، قاسىرىقى نېپىز ھەم سۈزۈك بولغاچقا، سۈزۈك راك دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن تۇنا بېلىقىنىڭ ئۈزۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز؟

تۇنا بېلىقى دېڭىزنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمىدا ياشايدۇ، تېنى ئۇرچۇقسىمان، كۆكۈچ قوڭۇر رەڭدە، سۇس يول - يول سىزىقلىرى بار. دۈمبە ئۈزگۈچىسى بىلەن قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەككىز تال كىچىك ئۈزگۈچىسى بار، قۇيرۇق ئۈزگۈچىسى ناھايىتى كۈچلۈك، شۇڭا ئۈزۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، شۇنچە يىراق ئارىلىقتىمۇ يۇقىرى ئېقىمغا كۆچەلەيدۇ.







▲ سوئال

ئۆپكىسى بىلەن نەپەسلىنىدىغان دىپنوئان بېلىقىنىڭ بارلىقىنى بىلەمسىز؟



دىپنوئان بېلىقىنىڭ ئۆپكىسى بېلىق پۇۋەكچىسىدىن يېتىلگەن بولۇپ، گەرچە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئۆپكىسىگە ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىمۇ ئۆپكىنىڭ ئىقتىدارى بار. ئافرىقىدا ياشايدىغان دىپنوئان بېلىقى دېڭىزدىن قۇرۇقلۇققا ئۆمىلەپ چىقالايدۇ. ئەگەر ئۇلار تۇرۇۋاتقان كۆلچەكتىكى سۇ قۇرۇپ كەتسە، نەم لايغا كىرىپ شۇ جايدا بىرنەچچە ئاي تۇرىدۇ، ھاۋانى بىۋاستە سۈمۈرەلەيدۇ. يامغۇر پەسلى كەلگەندە قايتىپ چىقىدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

تۇنا بېلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدۇ، بېشى ئۇچلۇق، قاسىرىقى يۇمشاق، دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدۇ، گۆشىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

# قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا قانداق ماكانلىشىدۇ؟


قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا دېگىز قۇلۇلىسىنىڭ قۇرۇق قېپىنى ئۆزىنىڭ ئۆيى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ قۇرۇق دېڭىز قۇلۇلە قېپىنى تاپالمىسا، تىرىك دېڭىز قۇلۇلىسىنى تارتىپ چىقىرىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەندىن كېيىن قېپىنى ئىگىلىۋالىدۇ. قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا يوغىناپ كەتكەندە، قايتا يەنە بىر يېڭى ئۆي ئىزدەيدۇ.







▲ سوئال



ئەڭ چوڭ قىسقۇچپاقا قانچىلىك؟

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قىسقۇچپاقا ياپونىيەدىكى ئېگىز پۇتلۇق قىسقۇچپاقا بولۇپ، ياپونىيىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى قىسمەن چوڭقۇر دېڭىزدا ياشايدۇ. بۇ خىل بىنەپشە رەڭلىك چوڭ قىسقۇچپاقىنىڭ پۇتى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، ئەركەك قىسقۇچپاقىنىڭ پۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن ئاشىدۇ.

▲ بىلەمسىز؟

قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا قىسقۇچپاقا بىلەن راكنىڭ تۇغقىنى، ئۇنىڭ تېنى يۇمشاق، ئاستا يۇگۈرىدۇ، بىخەتەرلىك ئۈچۈن دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ قېپىغا كىرىۋالىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا دەپ ئاتىلىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن ئۇچار بېلىق ئۇچالايدۇ؟

ئۇچار بېلىق غىدىقلاشقا ئۇچرىغاندا تېزلىك بىلەن قۇيرۇقىنى پولاڭلىتىدۇ. ئۈزگەندە پەيدا بولىدىغان ئىمپۇلسلىق كۈچ، تەرەققىي قىلغان تارغاق قىسمى ھەمدە قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنىڭ ياردىمىدە سۇدىن سەكرەپ چىقىدۇ. ئۇ بىر قېتىم سەكرىگەندە ھاۋادا 150 مېتىر ئۇچىدۇ.









▲ سوئال

ئۇچار بېلىق قانداق ئۇچىدۇ؟

ئۇچار بېلىقنىڭ كۆكرەك ئۈزگۈچىسى بەدىنىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرىدۇ. سۈرئەتنى تېزلىتىپ دېڭىزغا قاراپ ئۈزگەندە، دېڭىزغا ئاز قالغاندا كۆكرەك ئۈزگۈچىسىنى ئېچىپ، قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنى كۈچەپ پولاڭلىتىدۇ، قورساق ئۈزگۈچىسىنىمۇ ئاچىدۇ. قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنىڭ كەينى تەرىپى بىلەن سۇنى كۈچەپ ئۇرىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

ئۇچار بېلىق مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىسسىق بەلۋاغقا مايىل دېڭىزلاردا ياشايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى سېرىق دېڭىز، شەرقىي دېڭىز ۋە جەنۇبىي دېڭىزلارنىڭ ھەممىسىدە بار.

## يەلكەن بېلىقنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

يەلكەن بېلىق ئىسسىق بەلۋاغ ۋە ئىككىلەمچى ئىسسىق بەلۋاغلاردىكى دېڭىزنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمىدا ياشايدۇ. تەبىئىتى قەيسەر، ئوزۇقلۇقى ئىككى مېتىردىن ئاشىدۇ، ئاقۇچ يۇمىلاق داغلىرى بار. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئۈستۈنكى ئېڭىكى خۇددى قىلىچقا ئوخشايدۇ، دۈمبە ئۈزگۈچىسى ھەم ئېگىز، ھەم ئۇزۇن بولۇپ، يەلكەنگە ئوخشايدۇ.







▲ سوئال

يەلكەن بېلىقنىڭ سۈرئىتى قانچىلىك؟



يەلكەن بېلىقنىڭ پۈتۈن بەدىنى ناھايىتى ئۆلچەملىك سۇيۇر شەكىلدە بولىدۇ. شۇڭا، ئۈزگەندىكى قارشىلىق كۈچى ناھايىتى ئاجىز. بۇنىڭدىن باشقا تەرەققىي قىلغان قۇيرۇق ئۈزگۈچىسى ئۇنىڭدا كۈچلۈك بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈزۈش سۈرئىتى تاللىق مىلتىقىدىن ئېتىلىپ چىققان ئوقنىڭ سۈرئىتىدىن قېلىشمايدۇ، سوقۇلۇش كۈچىمۇ ئاساسەن ئوخشايدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

يەلكەن بېلىق كۆپ ھاللاردا دېڭىزدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا كېتىۋاتقان پاراخوتلارغا سوقۇلۇپ، پاراخوتنىڭ بورۇلۇپ كېتىشى، ھەتتا پاراخوتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن سەككىز ئاياغنىڭ بەدىنى بولمايدۇ؟

سەككىز ئاياغ بىر خىل يۇمشاق تەنلىك هايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاهىدە چوڭ بېشى بولىدۇ، لېكىن بەدىنى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئاشقازان، يۈرەك ۋە باشقا ئەزالىرىنىڭ هەممىسى بېشىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. باش قىسمىغا تەۋە ئەزالىرى پەقەت كۆزىنىڭ كەينىدىكى ئازراق بىر ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.









▲ سوئال

سەككىز ئاياغ قانداق هايات كەچۈرىدۇ؟

سەككىز ئاياغ سۇمۇرۇش تەخسىسى ئارقىلىق ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ. ئۇنىڭ سۇ ئۈزۈش ئىقتىدارى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس. خەتەرلىك ئەھۋالغا يولۇققاندا، سۇ پۈركۈپ خۇددى راكېتاغا ئوخشاش ئەكس تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ تېز سۈرئەتتە قېچىپ كېتىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

سەككىز ئاياغنىڭ سىرتىدىكى قاپلىما پەردە رەڭ ئۆزگەرتىدۇ، يەنى غىدىقلىنىشقا ئۇچرىغاندا قىزىل، كۆك، بىنەپشە قاتارلىق رەڭلەرگە ئۆزگىرىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن سىياھبېلىق «قارا سىياھ» پۈركۈيدۇ؟

سىياھبېلىقنىڭ تېنىدە «سىياھ خالتىسى» بار. دۈشمەنلىرىنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، ئۇ قارا رەڭلىك سۇيۇقلۇقنى ئاجرىتىپ چىقىرىپ دېڭىز سۈيىنى قارايتىۋېتىپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ. بۇ قارا رەڭلىك سۇيۇقلۇقنىڭ زەھىرى بار، دۈشمەنلىرىنى هوشسىزلاندۇرۇپ قويالايدۇ.









▲ سوئال

سىياھبېلىق سۇدىن سەكرەپ چىقىپ كېتەمدۇ؟

دېڭىز يۈزىنى قولچىراغ بىلەن توختىماي يورۇتقاندا، كىچىك سىياھبېلىق يورۇقلۇق تۈپەيلىدىن خۇشال بولۇپ سۇ يۈزىگە سەكرەپ چىقىۋالىدۇ؛ سىياھبېلىق چوڭ بېلىقلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنمۇ دېڭىز يۈزىگە سەكرەپ چىقىۋالىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

سىياھبېلىقنىڭ ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدا 10 تال پۇتسىمان ئەزاسى بولىدۇ. بۇ ئەزالىرىنىڭ ئىچ تەرىپىدە سۈمۈرۈش تەخسىسى بولىدۇ.

## مېدۇزا بېلىقمۇ؟

مېدۇزا بىر خىل كاۋاك ئىچلىك هايۋان بولۇپ، بېلىق ئەمەس. مېدۇزىنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىزدا لەيلەپ ياشايدۇ، شەكلى كۈنلۈككە ئوخشايدۇ. كۈنلۈكنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن سېزىش قوللىرى بار، بۇنىڭ بىلەن ئولجا تۇتالايدۇ. كۈنلۈك ئاستىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېغىزى بار.









▲ سوئال

دېڭىزدىكى يەنە قايسى هايۋانلار بېلىق تۈرىگە كىرمەيدۇ؟

دېلفىن ۋە كىت سۈت ئەمگۈچىلەر تۈرىگە كىرىدۇ. راك، سىياھبېلىق، سەككىز ئاياغ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي بېلىق ئەمەس.


▲ بىلەمسىز؟

مېدۇزىدا مۇسكۇل ۋە ئۇستىخان بولمايدۇ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ 96% ى سۇ بولۇپ، شەكلى پاراشوتقا ئوخشايدۇ، سۈزۈك ھەم يۇمشاق.




## داسىياتۇس ستىنگراي بېلىقى قانداق ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ؟

داسىياتۇس ستىنگراي بېلىقىنىڭ بەدىنى يېسسى يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، قۇيرۇقى ئىنچىكە ئۇزۇن بىر تال قامچىغا ئوخشايدۇ. قۇيرۇقىنىڭ ئۈستىدە زەھەرلىك تىكەنلەر بار، بۇلار قايتا ئۆسۈپ چىقالايدۇ. داسىياتۇس ستىنگراي بېلىقى دائىم قۇمسىمان لاتقىغا كىرىۋېلىپ بېلىجانلارنى ياكى قۇلۇلىلەرنى كۆرگەن هامان تۇتۇۋالىدۇ.










▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن چوڭقۇر دېڭىزدىكى بېلىقلارنى سۇ بېسىپ ياپلاقلىۋەتمەيدۇ؟

چوڭقۇر دېڭىزدا ياشايدىغان بېلىقلارنىڭ تېنىدە كۆپ مىقداردا سۇ بولۇپ، بەدەن ئىچى ـ سىرتىنىڭ بېسىمى ئوخشاش بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار چوڭقۇر دېڭىزدا ياشىيالايدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

داسىياتۇس ستىنگراي بېلىقى دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا ياشايدۇ. ئۇلار ئومۇرتقىلىق هايۋان ۋە بېلىجانلارنى يەيدۇ.

## نېمە ئۈچۈن چوڭ قىسقۇچلۇق قىسقۇچپاقىنى قورۇغاندىن كېيىن رەڭگى قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ؟

چوڭ قىسقۇچلۇق قىسقۇچپاقىنىڭ قاسىرىقىدا قېنىق هال رەڭلىك پىگمېنت بولۇپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدىن قورقمايدۇ. قاسىرىقىدىكى باشقا پىگمېنتلار قىزدۇرۇلغاندىن كېيىن پارچىلىنىدۇ، پەقەت قېنىق هال رەڭلىك پىگمېنت ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ، شۇڭا ئۇنى قورۇغاندىن كېيىن رەڭگى قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن قىسقۇچپاقا ماغزاپ چىقىرىدۇ؟

ئۇ هەددىدىن زىيادە كۆپ هاۋانى سۈمۈرۈۋالغاندا، ساقىقىنىڭ هاۋا بىلەن ئۇچرىشىش كۆلىمى بىرقەدەر چوڭىيىدۇ. ساقاقنىڭ ئىچىدىكى سۇ بىلەن هاۋانى بىراقلا چىقارغاندا ئاغزىنىڭ ئەتراپىدا ئايرىم كۆپۈكچىلەر پەيدا بولىدۇ.

▲ بىلەمسىز؟

قىسقۇچپاقىنىڭ سىرتىدىكى قاتتىق سىرتقى قاسىرىقى دەل ئۇنىڭ سۆڭىكىدۇر. قىسقۇچپاقا قاسىرىقىدا كالتسىي ناهايىتى مول بولىدۇ.



## ئاجىز قىسقۇچپاقىلار نېمىگە تايىنىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ؟

ئاجىز قىسقۇچپاقىلار ئۆزىنى قوغداشتا ئالدى بىلەن كۆزى ئارقىلىق كۆزىتىدۇ. ئۇ كۆزىنى يۇقىرى ۋە تۆۋەن قىلىپ، ھەممە يەرنى كۆرەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، بەدىنىدىكى پەنجىسى ئارقىلىق دۈشمەنلىرىگە زەربە بېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، پەقەت ئامال بولمىغاندا قېچىپ كېتىدۇ.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن دەريا قىسقۇچپاقىسى دېڭىزدا تۇغىدۇ؟

دەريا قىسقۇچپاقىسى ئەۋلادلىرىنى تېپىزرەك دېڭىزدا تۇغىدۇ. ئۇ يەرنىڭ سۇ تېمپېراتۇرىسى، ھاۋاسى كىچىك قىسقۇچپاقىلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا ماس كېلىدۇ. ئۇلار چوڭ بولۇپ، قاسراقلىرى يوغىنىغاندا دەريا، كۆل بويىلىرىغا ئۆملەپ كېتىدۇ.

▲ بىلەمسىز؟

قىسقۇچپاقا تۇخۇمىدىنى قىسقۇچپاقىنىڭ بەدىنىدىكى تۇخۇمدان ۋە ھەزىم قىلىش بېزى بولۇپ، ئاپېلسىن رەڭگىدە بولىدۇ، تەمى مەززىلىك.



## نېمە ئۈچۈن كۆپ ساندىكى بېلىقلارنىڭ دۈمبىسى قارا، قورسىقى ئاق بولىدۇ؟

بېلىقلارنىڭ قورسىقىنىڭ رەڭگى ئاسماندىكى يورۇقلۇق بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، سۇدىكى چوڭ بېلىقلار ئاسان بايقىيالمايدۇ؛ ئوخشاشلا، سۇنىڭ رەڭگى بىلەن دۈمبە قىسمىنىڭ رەڭگىنىڭ پەرقى ئانچە چوڭ بولمىغاچقا، بېلىقنى ئوزۇقلۇق قىلىدىغان قۇشلار ئاسان بايقالمايدۇ.







▲ سوئال

فارېنگېيت نۆلدىن تۆۋەن 5.4℃ بولغان شىمالىي مۇز ئوكياندىكى بېلىقلار توڭلاپ قالامدۇ؟



ئۇنداق بولمايدۇ. يېقىندا، ئالىملار بۇ جايدىكى بېلىقلارنىڭ تېنىدە تەبىئەت دۇنياسى ئاتا قىلغان سېھرىي ماددا قەنت ئاقسىلىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. ئۇ خۇددى ئىسسىقلىق تارقاتقۇچنىڭ سوغۇقتىن ساقلاش سۈيۈقلۇقىغا ئوخشايدۇ. تېنىدە بۇ خىل ماددا بولمىغان بېلىقنى مۇزدەك دېڭىز سۈيىگە قويۇپ بەرسە ناھايىتى تېز ئۆلىدۇ.




▲ بىلەمسىز؟

كىشىلەر دائىم دەيدىغان قىلتىرىق ئاساسلىقى مۇسكۇل ئارىسىدىكى ئۇستىخاننى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاساسلىقى بېلىق تېنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇسكۇل بوغۇملىرىغا تارقىلىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن دېلفىن ئادەم قۇتقۇزىدۇ؟

دېلفىن بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئانا دېلفىن ئۇلارنى سۇ يۈزىگە ئاچىقىپ بىرقانچە سائەت تۇرغۇزىدۇ. بەزىلەر سۇدا تۇنجۇقۇپ قالغاندا، ئۇلار ئادەملەرنى لەيلەپ قالغان نەرسە ئوخشايدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىپ، تەبىئىي تۇيغۇ بىلەن ئۇلارنى كۆتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، دېلفىننىڭ ئادەم قۇتقۇزۇشى ئۇنىڭ ئەسلىدە بار بولغان ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.







▲ سوئال


دېلفىن نېمە ئۈچۈن زېرەك؟

دېلفىننىڭ مېڭىسى بىلەن بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ نىسبىتى شىمپەنزىدىن خېلىلا ئېشىپ كېتىدۇ، ئۇ ئىنسانلارغا يېقىن بولغان، مېڭىسى تەرەققىي قىلغان ھايۋان.




▲ بىلەمسىز؟

دېلفىن خەتەرلىك پەيتتە ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇپلا قالماي، يەنە كۈچلۈك بولغان دوراش ۋە ئويۇن كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە.



## توكلۇق سىكاتى بېلىقى دۈشمەنلىرىگە قانداق زەربە بېرىدۇ ھەم ئوزۇقلۇق تۇتىدۇ؟

توكلۇق سىكاتى بېلىقىنىڭ كۆزى بىلەن ئاغزى ناھايىتى كىچىك، كۆكرەك ئۈزگۈچىسى بىلەن بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق شەكىللىك توك تارقىتىش ئەسۋابى بار. توكلۇق سىكاتى بېلىقى دۈشمەنلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا، توك تارقىتىپ دۈشمەنلىرىنى قاچۇرىدۇ ھەم توك ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ ئولجىلىرىنى ھوشسىزلاندۇرۇپ، ئۇلارنى تۇتۇۋالىدۇ.








▲ سوئال

سۇ ئىچىدىكى «قولچىراغ» دېگەن نېمە؟



يورۇق قاپاقلىق بېلىق مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىسسىق بەلۋاغلاردا ياشايدىغان كىچىك تېپلىق يورۇقلۇق تارقىتىدىغان بېلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىقتىدارى ھەرقانداق جانلىقتىن ئېشىپ كېتىدۇ. كېچىلىرى ئادەملەر تەخمىنەن 15 مېتىر يىراقلىقتىن ئۇ تارقاتقان يورۇقلۇقنى كۆرەلەيدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

توكلۇق سىكاتى بېلىقى دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدىغان، يېسسى شەكىللىك ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇششاق ھەم ئۆتكۈر چىشى بولىدۇ.

## كىم دېڭىز ئاستىدىكى «ئاقچەشكە بوۋاي»؟

ئانگلېر بېلىقى ئىسسىق دېڭىزدا ياشايدۇ. ئۇنىڭ دۈمبە ئۈزگۈچىسىنىڭ تالالىرىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ يوغىنىشىدىن ھاسىل بولغان قاتلاق يالتىراق نۇر چىقىرىدۇ. ئادەتتە دېڭىز ئاستىغا مۆكۈپ تۇرۇپ، يورۇقلۇق ئارقىلىق بېلىقلارنى جەلپ قىلىپ ئىلمەككە ئىلىندۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇ «دېڭىز ئاستىدىكى ئاقچەشكە بوۋاي» دېيىلىدۇ.










▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن ئانگلېر بېلىقىنى دېڭىزدىكى «بېلىق تۇتۇش مۇتەخەسسىسى» دەيمىز؟

ئانگلېر بېلىقىنىڭ دۈمبە ئۈزگۈچىسىنىڭ ئالدىدىكى تىكەنلەر قارماق سېپىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئالدى - كەينىگە پۇلاڭلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بېلىقچان ۋە كىچىك راكلارنى قارماققا ئىلىندۇرغىلى بولىدۇ. بەزى چوڭقۇر دېڭىزلاردىكى ئانگلېر بېلىقىنىڭ قارماق سېپىدا نۇر چىقارغۇچ بار. سىز ئۇنىڭ دېڭىزدىكى «بېلىق تۇتۇش مۇتەخەسسىسى» ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيتىڭىز - ھە!




▲ بىلەمسىز؟

ئانگلېر بېلىقىنىڭ تېنىدە پۇۋەكچە بولمايدۇ. ھەرىكەت قىلغاندا كۆكرەك ئۈزگۈچىسىگە تايىنىپ ئاز - ئازدىن سەكرەپ ئىلگىرىلەيدۇ.


## بېلىقنىڭ پۈراش سېزىمى بولامدۇ؟

بولىدۇ. بېلىقنىڭ ئاغزىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدە ئىككى بۇرۇن
تۆشۈكى بار. سۇ بىر بۇرۇن تۆشۈكىدىن كىرىپ، يەنە بىر بۇرۇن
تۆشۈكىدىن چىققاندا، بېلىق پۇراقنى پۇرىيالايدۇ. بىراق، بېلىقنىڭ بۇرۇن
تۆشۈكى كىچىك بولغاچقا، ئادەتتە دىققەت قىلىنمايدۇ.










▲ سوئال

ئاكۇلا راستتىنلا ئادەم يەمدۇ؟

گەرچە ئاكۇلانىڭ تەبىئىيتى
ۋەھشىي بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكـ
لىرى ئادەمگە ھۇجۇم قىلمايدۇ. ئۇلار دېـ
ڭىزنىڭ ئاستىدا، بېلىق، راك ۋە سۇدىكى
باشقا ھايۋانلارنى ئوزۇقلۇق قىلىپ ياشايـ
دۇ. 360 تۈر ئاكۇلا ئىچىدە تەخمىنەن 20
تۈرى ئادەم يەيدۇ. ئۇلار قاننىڭ پۇرىقىغا
ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

بېلىق ۋە ئاكۇلا تۈرىدىـ
كىلەرنىڭ پۇراش سېزىمى
ئالاھىدە ئۆتكۈر. بولۇپمۇ
سۇدىكى قاننىڭ پۇرىقىغا ناـ
ھايىتى سەزگۈر.

## كارپ بېلىقى «بۇرۇتى» نىڭ قانداق رولى بار؟

كارپ بېلىقىنىڭ بۇرۇتى ئۇنىڭ تېگىپ سېزىش ۋە تەم سېزىش ئەزاسىدۇر. كارپ بېلىقى يېمەكلىكنى يېيىشتىن ئاۋۋال، بۇرۇتىنى يېمەكلىككە تەگكۈزۈپ، ئۇنى يېگىلى بولامدۇ - يوق، تەمى قانداق ؟ دېگەنلەرنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ بۇرۇتى سۇدا يېمەكلىك ئىزدەشكە ياردەم بېرىدۇ.









▲ سوئال

نېمە ئۈچۈن سېرىق گوربىل بېلىقىنىڭ بېشىدا ئۇششاق تاشلار بولىدۇ؟

سېرىق گوربىل بېلىقىنىڭ بېشىدىكى ئۇششاق تاشلارنى قۇلاق تېشى دەيمىز. بۇنىڭ سېرىق گوربىل بېلىقىنىڭ بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشىغا ياردىمى بولىدۇ. قۇلاق تېشى پەقەت بۇ خىل بېلىقلاردا بولۇپ قالماستىن، باشقا بېلىقلاردىمۇ بولىدۇ. سېرىق گوربىل بېلىقىنىڭ قۇلاق تېشى ھەم يوغان، ھەم ئاق بولغاچقا ئاسان بايقىغىلى بولىدۇ.

▲ بىلەمسىز؟

كارپ بېلىقى، لاييېگەك، سوم بېلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بۇرۇت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سۇنىڭ ئاستىدا ياشايدۇ.



## نېمە ئۈچۈن بېلىقلارنىڭ رەڭگى خىلمۇخىل بولىدۇ؟

بېلىقلارنىڭ تېنىدە گۇئانوفورا ۋە پىگمېنت ھۈجەيرىسى بولىدۇ. گۇئانوفورانىڭ ئاق نۇرى بىلەن پىگمېنت ھۈجەيرىسى بىرلىشىپ بېلىق تېرىسىنى پارقىراق قىلىدۇ ھەم ھەر خىل پىگمېنتلار بىلەن بىرلىشىپ خىلمۇخىل رەڭلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ.









▲ سوئال

بېلىق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى نېمىدىن ھاسىل بولغان؟

بېلىق رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى پىگمېنت ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە قورۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان.


▲ بىلەمسىز؟

بېلىقنىڭ ھەقىقىي تېرىسى بىلەن قاسىرقى ئوتتۇرىسىدا كۆپ مىقداردا پىگمېنت ھۈجەيرىسى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل، بىنەپشە، سېرىق، قارا قاتارلىق پىگمېنتلار بار.



## نېمە ئۈچۈن قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقىنى «ئۆيگە ھەقسىز ئىگە بولغۇچى» دەيمىز؟

قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا قۇرۇق قۇلۇلە قېپىنى ئۆزىنىڭ ئۆيى قىلىۋالىدۇ. ئۇ ئازادە قۇلۇلە قېپىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بەزىدە قاپنىڭ ئىگىسى بولغان قۇلۇلىنى مەجبۇري تارتىپ چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلىمەستىن، باشقىلارنىڭ ئۆيىنى بۇلايدىغان بولغاچقا، ئىنسانلار ئۇلارنى «ئۆيگە ھەقسىز ئىگە بولغۇچى» لار دەپ ئاتايدۇ.









▲ سوئال

قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا قانداق هايۋان؟

قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا بوغۇم پۇتلۇقلارغا تەۋە بولۇپ، باش ۋە كۆكرەك قىسمى قاتتىق ھەم تۇكلۇك، قورساق قىسمى يۇمشاق، بىرقەدەر ئۇزۇن بولغان بۇرۇتچىلىرى بار، پەنجىسى قىسقۇچقا ئوخشايدۇ. ئىككى تەرىپىدىكى پەنجىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ.



▲ بىلەمسىز؟

قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا قورسىقىنى قۇلۇلە قېپىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، پۇتلىرى بىلەن قۇلۇلە قېپىنىڭ ئوقىنى تۇتۇپ، ئالدىدىكى ئىككى جۈپ پۇتى بىلەن ئۆمىلەيدۇ.

# قىسقۇچپاقا نېمە ئۈچۈن توغرىسىغا ماڭىدۇ؟

قىسقۇچپاقىنىڭ ھەربىر تال پۇتىنىڭ ئۇگىلىرى پەقەت يۇقىرى - تۆۋەنگە ئېگىلىپ، ئالدى - كەينىگە ئېگىلمەيدۇ. ئۆمىلىگەن ۋاقىتتا ئالدى بىلەن بىر تەرەپتىكى پۇتلىرىنىڭ تىرناقلىرى بىلەن يەرنى تىرەپ، يەنە بىر تەرەپتىكى پۇتلىرى بىلەن ئالدىغا ماڭىدۇ. شۇڭا، ئۇ پەقەت توغرىسىغىلا ماڭالايدۇ.







▲ سوئال

قىسقۇچپاقىنىڭ پەنجىسى ئۈزۈلۈپ كەتسە قانداق قىلىدۇ؟

قىسقۇچپاقىنىڭ پەنجىسى ئۈزۈلۈپ كەتسە، يەنە بىرى ئۆسۈپ چىقىپ، ئاستا - ئاستا چوڭىيىدۇ. سازلىق قىسقۇچپاقىسىنىڭ پەنجىسى تۇغۇلۇشىدىنلا بىر چوڭ، بىر كىچىك بولىدۇ.





▲ بىلەمسىز؟

قىسقۇچپاقىلارنىڭ ھەربىر جۈپ پۇتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلار دائىم قىيپاش ئۆمىلەيدۇ.

## ئۆلگەن بېلىقنىڭ قورسىقى نېمە ئۈچۈن ئاسمانغا قاراپ قالىدۇ؟

بېلىقنىڭ دۈمبىسىدە قېلىن مۇسكۇل ۋە ئومۇرتقا ئۇستىخىنى بولىدۇ، قورساق قىسمىدا ئىچكى ئەزا ۋە پۇۋەكچىلەر بولىدۇ؛ قورساق بوشلۇقىنىڭ ئېغىرلىقى دۈمبە قىسمىدىن يېنىك بولىدۇ. بېلىق ئۆلگەندىن كېيىن، ئۈزگۈچىسى ئارقىلىق بەدىنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالمايدۇ. شۇڭا تەبىئىيلا قورسىقى ئاسمانغا قاراپ قالىدۇ.







▲ سوئال

ئوكيانغا ئۈزىدىغان بېلىق بارمۇ؟

ئافرىقىدىكى گونكو دەرياسىدا ئوكيانغا ئۈزىدىغان بىر خىل سوم بېلىق بار. ئۇ ئۈزگەن ۋاقىتتا ياكى سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرۇپ يېمەكلىك يېگەندە دائىم قارا قورسىقىنى ئاسمانغا قارىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر بۇ خىل بېلىقتۇر.





▲ بىلەمسىز؟

غار يىلانبېلىقى بىر خىل بېلىق بولۇپ، ئۇ چوڭقۇرلۇقى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۆڭكۈردە ياشايدۇ، ئۈزەلمەيدۇ.

## نېمە ئۈچۈن بېلىقتا قاسىراق بولىدۇ؟

بېلىق قاسىرىقى بېلىقنىڭ بەدىنىنى قوغداپ، مىكرو ئورگانىزملارنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشىدىن ساقلايدۇ ھەم كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بېلىق قاسىرىقى ناھايىتى پارقىراق بولۇپ، سۇ بىلەن بولغان سۈركىلىشنى ئازايتىدۇ. بېلىق تاشقا ئۇرۇلۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، زەخمىسى ئانچە ئېغىر بولمايدۇ.









▲ سوئال

بېلىقنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى بولامدۇ؟

بېلىقنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەچكە، بىز ئۇنى «ئۆزگىرىشچان تېمپېراتۇرىلىق ھايۋان» دەيمىز.



▲ بىلەمسىز؟

بېلىق قاسىرىقى خۇددى دەرەخنىڭ يىل ھالقىسىغا ئوخشايدۇ، بىر يىل ئۆتسە، بىر ھالقىسى كۆپىيىپ قالىدۇ. بېلىق قاسىرىقى بىزنى بېلىقنىڭ يېشىدىن خەۋەردار قىلىدۇ.




**كىتاب ئىسمى:** ئۆسمۈرلەر ئەڭ قىزىقىدىغان يۈز مىڭلىغان نىمە ئۈچۈن

ئۇچار قاناتلار ۋە سۇ جانلىقلىرى

**تۈزگۈچى:** يىچۇاڭ مائارىپ پەن تەتقىقات ئورنى

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** شىرئەلى ھۇسەن

**كوررېكتورى:** ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** لېتىپ ئابدۇۋەلى

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى:** 830000

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** ئۈرۈمچى دېڭىز ـ ئوكيان رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى

**فورماتى:** 1230× 880 م م 1/32

**باسما تاۋىقى:** 5

**نەشرى:** 2009 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2011 ـ يىل 11 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-932-4

**ئومۇمىي باھاسى:** 45.00 يۈەن (جەمئىي ئۈچ قىسىم )